ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر

# ئۆچمەس سۆيگۈم



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

بۇ كىتابىمنى دادام سادىق ياقۇپ، مەرھۇم ئانام قۇربانخان غازىيفا

ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

[illegible]

[illegible]-يىل [illegible]

[illegible]

ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر

# ئۆچمە سۆيگۈم



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

不灭的爱情 ：维吾尔文 / 艾尼瓦尔江 · 沙迪克库克努尔著. —喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2011. 1
ISBN 978—7—5373—2271—3

Ⅰ. ① 不… Ⅱ. ①艾… Ⅲ. ①诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 006702 号

**责任编辑：齐曼古丽 · 阿吾提**
**责任校对：拜合提亚尔 · 阿布力米提**

# 不灭的爱情

## （诗集）

**艾尼瓦尔江 · 沙迪克库克努尔** 著

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092 **毫米**　1/32 **开本** 6. 75 **印张**
2011 **年** 1 **月第** 1 **版**　2011 **年** 1 **第** 1 **次印刷**
**印数：**1 — 3000　**定价：**15. 00 **元**



# كىرىش سۆز

بۇ دۇنيادا بارلىق مەۋجۇدات كېلىپ كېتىش بىلەن
مەشغۇل . ئاشۇ پايانى يوق دۇنيادا هاياتىمىزنىڭ قىممىتى
ئۆزىمىزگە ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرگە قانچىلىك پايدىلىق
ئىشلارنى قىلغىنىمىز بىلەن ئۆلچەنسە كېرەك . بۇ نۇقتىدا
بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىنساننى ئويلاندۇرغۇچى ، ئۆ-
زىگە ئۆزىنى تونۇتقۇچىلىق كارامىتىنى نەزەردىن ساقىت
قىلالمايمىز . ئەدەبىيات ئادەملەرگە زىغىر چاغلىق بولسىمۇ
بەهرە ئاتا قىلىش خاسىيىتى بىلەن نەچچە مىڭ يىللاردىن
بېرى ئىنسانىيەت روهىنىڭ ئەينىكى كەبى ئىنسانلىنىڭ
قايغۇ ـ شادلىقلىرىنى ، ئېرىشكەن ـ يوقاتقانلىرىنى ئىپادى-
لەپ كېلىۋاتىدۇ .

ئىنساننىڭ مۇرەككەپ روهىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇ-
نىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش هەرقانداق ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ، هەر-
قانداق بىر ئەدىب ، يازغۇچى ، شائىرنىڭ مەڭگۈ ئويلاپ
تولغىنىدىغان ، پۇچىلىنىدىغان باش تېمىسى .

ئىنسانپەرۋەر ، خەلقپەرۋەر ئەدەبىياتچى بولۇش-
نى كۆڭلىگە پۈكۈۋاتقانلار ئەلۋەتتە شېئىر ،هېكايە ،پو-
ۋېست ، رومان…… قاتارلىق تۈرلۈك ژانىرلار ئارقىلىق
ئادەملەرنىڭ روهىي دۇنياسىنى ئېچىشقا ئۇرۇنىدۇ .مەيلى
قانداقلا بولمىسۇن ، دۇنيادىكى مىليونلىغان كىشىلەر ئۇ-
چۇن ،مەۋجۇتلۇق تەشۋىشلىرىدە ئادەمدەك ياشاشقا ئىنتىلى-

ۋاقىتلار ۋە روھىيىتى ئېچىرقىغانلار ئۇچۇن ئەدەبىيات روھىي يامغۇردۇر . قىسقىسى ، ئادەملەرنىڭ ياشاش قايغۇ-سىغا ئورتاقلىشالىغان ئاددىي ۋە يۈكسەك روھىي پەللە-لەردىكى مۇڭلۇق نىدا ، مۇناجاتلىرىغا سىڭىپ كېتەلىگەن ۋە ئۇنى سىڭدۇرەلىگەن ئەدەبىيات «تېشى پال - پال ، ئىچى غال - غال» ئەدەبىياتتۇر . ئۆز ئېلىنىڭ غەم دەريا-سىدا ئۈزۈش بىر ۋىجدان ئىگىسى بولغان شائىر ، يازغۇچى-نىڭ مەسئۇلىيىتى . دەرۋەقە ، مەنمۇ ئاشۇ مەسئۇلىيەت تۈپەيلى يېزىقچىلىققا تەۋەككۇل قىلدىم .

— ئاپتوردىن
2011- يىل ماي ، ئاقتۇ

# مۇندەرىجە


شۇ قىزغىنلىق نەدىدۇر ئەمدى ........................ 1

شېئىر بىلەن ........................................ 3

شېئىر يازالمىغان كۈنۈمگە ............................ 4

كىچىك ئەنۋەر ....................................... 5

بىر بوۋاي يىغلىدى .................................. 7

قار ياغقان كۈنى .................................... 8

ئۇ ئۇزايتتى يىراققا يالغۇز ........................... 10

قېچىش ............................................. 12

يالغۇز ئادەملەر .................................... 13

جان ............................................... 15

كىچىك ئىشىك ....................................... 16

تاغ ۋە شەھەر ...................................... 17

ئۈرۈمچىدىن ئاتۇشقىچە ............................... 19

سەن مېنى چىن دىلدىن سۆيمىسەڭ ئەگەر .......... 20

«تىتانىك ناملىق پاراخوت» ........................... 22

بۇلاق خاتىمىسى .................................... 24

كۆڭۈل قالار ھەممە نەرسىدىن ......................... 25

پەرىشتىسى سىلەر كۆلبەمنىڭ ......................... 27

مېنىڭ ئۆيۈمدە بەلكى شۇ چاغدا ....................... 29

ئانامغا خەت ........................................ 31
بىر ئىشىك بار سوغۇق جىلمايغان.................... 33
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ ؟.......................... 35
كەتكىنىڭ بىلەن.......................................... 37
پۈشكىنغا.................................................... 38
ئاخىرقى مۇھەببەت....................................... 39
بېكەت........................................................ 40
يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا.................................. 42
نېچۈن مەيۈس تىكىلىسەن كۆزۈمگە ................. 44
ئاق يېغىن ئىچىدە تەنھا ئاق كەپتەر ............... 45
ئاھ ، بۇگۈن سېغىندىم سېنى نەقەدەر ............ 47
بىلمەيسەن ئۆزۈڭنىڭ تاتلىقلىقىنى.................... 48
ئېچىنىمەن كۆلمىگەن مىنۇتلىرىمغا ................... 49
مەن سېنى خىيالەن سۆيىمەن ، ئەمما ............... 51
يانۋاردىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈن ........................ 53
ئۆزۈمنىڭ سەمىگە ......................................... 55
يەنە بىر مىنۇتتىن كېيىن................................. 57
قىيا ئوچۇق ئىشىك يېنىدا................................ 59
يالغۇز ئورۇندۇق ......................................... 61
ئۆزاتماڭلار ................................................. 63
ماماتلىق كېرەكتۇر روھىمغا بۈگۈن .................. 66
ئۆزۈمگە پەتنۋا .............................................. 68
ھېلىقى قىز .................................................. 69
شېئىرىمغا ئىلاۋە ........................................... 71
ۋاقىت يىلان ، ۋاقىت دېرىزە............................ 72

ھېچنېمە ...... 74
قەشقەر ...... 76
گۈلۈم ...... 86
شېئىر ھەققىدە يېڭى رىۋايەت ...... 87
لاتارىيە بېلىتى سېتىۋېلىش ...... 88
يېسىنىنغا خەت ...... 89
ئۆزىتالمايمەن ...... 90
قېنىسەن شېئىر ...... 92
بۇ يەر يىراق ...... 93
بىر قېتىم ...... 94
قەلبىم سىرتىدا ...... 96
بىر قىز چىقار چەكسىز ئىشىكتىن ...... 98
بىر خارابە ئىشىك تۈۋىگە ...... 100
شېئىر يېزىشتىكى مەقسەت ...... 101
سەن بىلمەيتتىڭ مېنىڭ تىلىمنى ...... 102
ساڭا دەپ بېرەي ...... 104
سەن بەرىبىر چۈشىنەلمەيسەن ...... 106
غەم يەتمەستىن بۇرۇن ئىككىمىز ...... 108
ھايات نېمە ئەگەر ئۇ بىلسەڭ ...... 110
يىغلىيالمىدىم نېچۈن بۇقۇلداپ ...... 112
ئايلانما ...... 114
ئۇ ئەمدى چۈشەندى ...... 115
باھار يىغىسى ...... 116
سەن يىغلىغان ھېلىقى كۈنى ...... 117
ھايات سېنى ئۆكسۈپ تۇرۇپ سۆيەتتىم ...... 118

ئېلىشمەن رېئالىق بىلەن ........................ 119
كەچمە ئېسىمدىن ........................ 120
كۆنۈپ كەتكەندىن كېيىن ........................ 122
ياق ، ئۇ ياپراقلار سولمايتتى ئەسلىي ........................ 124
مەن كەتتىم ........................ 126
خىرە - شىرە ........................ 127
مەن سېنى سېغىندىم ، ئەجەب سېغىندىم ........................ 129
مېنىڭ باھارىم ........................ 131
گۇناھىنىڭ داۋامى ........................ 133
كېچەلمىدىم مەشرەپ سېنىڭدەك ........................ 134
بىر ئەر ........................ 136
ئۆزۈمنىڭ قەبرىسى بۇ شېئىر بەلكىم ........................ 138
قىز بولغىن مەن جاننى بېرىپ سۆيگۈدەك ........................ 139
ئۈنسىز نىدا ........................ 141
سىم - سىم يامغۇر ياغقان ئاشۇ كېچىدە ........................ 143
«سورىما مەن نېچۈن غەمكىن ، بىناۋا» ........................ 145
مۇزلىما يۈرىكىم ........................ 147
مۆرەۋاتقان بۇقا ........................ 148
كۆيۈۋاتقان ئادەم ........................ 149
غازاڭلار شىرىقلاپ چۈشەر كەچ كۈزدە ........................ 151
بۇ بەلكىم ئاخىرقى كۆز يېشىم ئەمەس ........................ 152
كۆزۈڭگە ياش ئالما بولدى جان دوستۇم ........................ 153
ھېچنېمە ئويلىماسلىققا تىرىشىپ ........................ 154
تۇنجى قار ياغقان ئاشۇ كۈنى مەن ........................ 155
خەير - خوش ھەممە ئېرىشكەنلىرىم ........................ 156

بىر شەھەرنىڭ ئاشۇ خىلۋەت كوچىسىدا ………… 157
نەمخۇش توپا ، ئاھ نەمخۇش توپا ………… 158
ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ ماڭار بىر بوۋاي ………… 160
شەھەردىن قېچىپ چىقىش ………… 162
كەينىمدىكى ئەنۋەر ………… 164
باغچىدىكى يالغۇز ئورۇندۇق ………… 166
ئارقىڭغا بىر قارىماقچى بولۇپ ………… 167
سەن يىغلىما ………… 168
گۇلۇم شۇ چاغ قار ياغقاندا لەپىلدەپ ………… 170
بۇ ئەنۋەر ………… 171
سەن رۇسسىي ئەمەسمەن ، لېكىن ………… 173
يوقالما ، يوقالما قىزغىن ھاياجان ………… 174
كەتمىسەڭ گۇلۇم ………… 175
ئۇنتۇما ………… 176
سۆيىمەن ………… 178
غازاڭلار چۇشەر شىرىقلاپ ………… 179
قىرىق سەككىز سائەت ………… 181
كۇزنىڭ سەھىرى ………… 183
ئوچاق ئالدىدا ………… 184
بىر تال غازاڭ ، ئەي بىر تال غازاڭ ………… 185
مەن ھامان قەيسەرمەن كەلسەڭ دەردلىرىم ………… 186
ئۇ چاغدا سەن ئۇچۇن ………… 187
شەھەر ئادىمى ………… 188
ئۆچمە سۆيگۇم ………… 190
شۇ چاغلاردا چېچەك پەسلىمىز ………… 192

كۆلپەتلىرىم باساي سېنى باغرىمغا ................. 197
ئۇ بىر بالا .................................. 198
سۆيگۈ ئۇچۇن مەن ئۇنتۇيمەن ھەممىنى ........... 199
خامان (لىرىك داستان) .......................... 200

# شۇ قىزغىنلىق نەدىدۇر ئەمدى

ئەي يېشىللىق ، ئەي زەڭگەر ئاسمان !
ئەي سايىلەر كەچتىكى ھەسرەت .
نېچۇن ئەمدى كۆزىمىز سوغۇق ،
نېچۇن ئەمدى سولغۇن مۇھەببەت ؟

ئىنسانلىقىم ، باللىقىمدا ،
ئاھ ، سۆيدۇرگەن ئۇندىكى دالا .
نېچۇن ئۇنسىز ، جىمجىت قارىشىپ ،
تاش ئادەم بوپ قالدۇق بىردىنلا .

شۇ قىزغىنلىق نەدىدۇر ئەمدى ،
نېچۇن مەيۇس ئەمدىكى ئورمان ؟
بىر چاغلاردا شوخ كۈلگەن يىگىت ،
نېچۇن ئەمدى بولۇر سوغۇققان ؟

شۇ قىزغىنلىق نەدىدۇر ئەمدى ،
نەدە ئەمدى ئوت تەپتى قەددەم ؟

توپا - توپا...... ئىزلار كۆمۈلگەن ،
سوغ شىۋىرغان ئۇشقىرتقان ھەم......



# شېئىر بىلەن

شېئىر بىلەن ئېچىمدە يىغلىدىم جىمجىت ،
شېئىر بىلەن ھاياتنى قىلدىم مەسخىرە .
شېئىر بىلەن قەلبىمگە بەردىم تەسەللى ،
شېئىر بىلەن ئۆلۈمگە قىلدىم تەنتەنە .

يىرتتىممەن دۇنيانىڭ كىيىملىرىنى ،
يىرتتىممەن ساختىلىق ، شۇملۇقنى تالاي .
ئەسەبىي ئىستەكتە قۇترىدىم نەچچە ،
شېئىر مېنىڭ ، مەن شېئىرنىڭ ئىچىگە پاتماي .
......

شېئىر بىلەن چۈشەندىم نىمە ئۇ دۇنيا ،
شېئىر بىلەن كوچىدا ماڭدىم ياندىشىپ .
ئۇ خورلۇق ، بۇ غەزەپ ھار كەلگەنىمىرى ،
شېئىر بىلەن ھەسرەتتە قالدۇق قارىشىپ......

# شېئىر يازالمىغان كۈنۈمگە

قەلبىمگە غەرقمەن ئۆزاقتىن ـ ئۆزاق ،
نىهايەت ، قاراپ قويىمەن ئۆزۈمگە .
تامالاردا جىمجىتلا كۆيەر شاۋقۇنلار ،
ئۆزاپلا كەتكەندەك باهار ئۆلۈمگە......

ياندىشىپ تونۇشماي ئۆتىمىزمىكىن ،
كۆڭۈللەر ئىسسىقتۇر ۋە كۆزلەر ئارا .
يانۋارنىڭ قار ياغقان يىگىرمە سەككىزى[1]
پۈشكىننى ئېسىمگە ئالدىم بىردىنلا......

تۇيۇقسىز ئۆلۈمىمنى ئۆزىتىمەن يالغۇز ،
تۇيۇقسىز ئات مىنىپ ئۇچىمەن يىراق .
نىهايەت ، مەن ئىزدەپ يۈرىمەن ئادەم ،
دۇئېلسىز ياندۇ مەندىكى پىراق .

---

① يانۋارنىڭ يىگىرمە سەككىزى — 1837- يىل 1- ئاينىڭ 28- كۈنى پۈشكىن دۇئېلدا ئوق تېگىپ قازا قىلغان كۈن .

# كىچىك ئەنۋەر

ئەڭ سەبىي ئازابتا كۆيسەممۇ جەزمەن ،
كەچمىشىم ياغقىنە قاردەكلا سوغۇق .
شۇ سېرىق قۇلاقچاڭ ئىسسىقمۇ ھازىر ،
شۇنىسى ئېڭىكىڭگە يەنە بوغۇقلۇق .

ئاپپاقلا قار كەبى جىلمىيار بەزەن ،
بىلسەڭكى بىزدىكى سەممىيەت دېگەن .
كىم تۇتار سوغۇقتا توڭغان قولۇڭنى ؟
كۆيۈمچان ئانامدەك ئىللىقلىق بىلەن .

ئۇششۇگەن قولۇڭدىكى نىمجان قۇشقاچقا ،
ئوخشايمىز ھەممىمىز تەلمۈرۈپ يۈرۈپ .
بۇ ئاددىي ھەقىقەت بولسىمۇ گەرچە ،
كىم ئۆتمەس سەن كەبى سوغۇقتا كۈتۈپ .

يۇمشاقلا ئاق قارغا تۇرۇپسەن دەسسەپ ،
ئۇششۇگەن قولۇڭدا شۇ ياغاچ قىسماق .

نېمە چۈشەر ۋە ياكى چۈشمەس ھېچنېمە،
ئۈمىدكە قىسمەنلا ئوخشاپتۇ بىراق……



# بىر بوۋاي يىغلىدى

بىر بوۋاي يىغلىدى ئىچىدە ئۈنسىز ،
يىغلىدى ئىچىدىن ئۆكسۈپ - ئېتىلىپ .
قار چۈشەر لەپىلدەپ ئېگىز ئاسماندىن ،
ئۇ ماڭار كوچىدا يىقىلىپ- تېيىلىپ .

بىر بوۋاي يىغلىدى ئىچىدە ئۈنسىز ،
يىغلىدى تۆت تامغا ، تورۇسقا قاراپ .
شۇ دۈمچەك ئۆيلەردىن ئۆرلەيتتى تۈتۈن ،
قىلماقچى بولغاندەك پەلەككە خىتاب .

بىر بوۋاي يىغلىدى ئىچىدە ئۈنسىز ،
مومىيى يۆتىلىپ ياتار يان ئۆيدە .
يوقسۇزلۇق ئىنساننىڭ قەلبى - روھىنى ،
يېمەكتە قۇرت بولۇپ بىر ئېغىز ئۆيدە .

# قار ياغقان كۈنى

قار ياغقان شۇ كۈنى مېنىڭ يۈرىكىم ،
بىر غېرىب جىملىقنى بېرەتتى سۆزلەپ .
مۇكچەيگەن قىشلاقلار بۇندا مۇڭچىراي ،
ئىچ - ئىچىدىن جىمغىنە يىغلار ئېسەدەپ .

ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن ئۆرلەيتتى تۈتۈن ،
بىرنەچچە ئورۇق قوي مەرەپ ئېغىلدا .
يۆتىلىپ ، تۇكۇرۇپ ئۆيىدە بوۋاي ،
خىيالغا كەتكەن ئاھ ، ئوچاق ئالدىدا .

موميىي بىر ياندا سەي - چامغۇر ئاقلار ،
چىرايى ياداڭغۇ ، كۆزى ياش يۇقى .
ئۇ دۇرۇت ئوقويتتى ئىچىدە تەكرار ،
بىلىنەر تۇرقىدىن دىل سۇنۇقلۇقى .

قار ياغقان شۇ كۈنى مېنىڭ يۈرىكىم ،
يىغلىدى كىملەرنىڭ دەردىگە شۇدەم .

قاپقارا كېچىنىڭ قوينىدا يالغۇز ،
ئاق قارغا دەسسەپ مەن يۆتكەيتتىم قەدەم .



# ئۇ ئۇزايتتى يىراققا يالغۇز

ئۇ ئۇزايتتى يىراققا يالغۇز ،
ئىچ - ئىچىدىن مەيۇس - پەرىشان .
ئۇ ئەقىدە قىلغان مەشۇقى ،
ئۆزگە ئۇچۇن بېغىشلايتتى جان .

ئۇ ئۇزايتتى يىراققا يالغۇز ،
ئۇ تىتىيتتى گۇللەر بەرگىنى .
ئەرزىمەسكەن شاللاق يار ئۇچۇن ،
كۆيۈپ - پىشىپ گۇللەر تەرگىنى .

ئۇ ئۇزايتتى يىراققا يالغۇز ،
ئۇ بەزگەندەك ھەممە نەرسىدىن .
بىر چاغلاردا شۇ يىراق قىشلاق ،
كەتكەنتى ئاھ ، ئېرىپ سۆيۈشتىن .

ئۇ ئۇزايتتى يىراققا يالغۇز ،
يىغلىمىغىن دەيتتى كۆك ئاسمان .

باتۇر بولغىن دەيتتى ئۇ تاغلار ،
بىراق ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغان .



# قېچىش

يارال ئەي ، كەچمىشىم ۋەھشىتىم ئىچرە ،
كۆيلەيمەن قەلبىمگە بولساڭ شۇمبۇيا .
قەلبىمدىن قاچىمەن ، يۈزسىز قەلبىمدىن ،
يامغۇرلۇق ئاسماندىن قاچقاندەك گويا .

تارت ئايدىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈشلىرىڭنى ،
تىتىل ھەي شەپەقتىن تىتىلغىن گۈلۈم .
ئىنجىقلاپ مەزلۇمدەك ئۆتسەڭكى تۇرمۇش ،
مىڭ جېنىم بولسىمۇ كېچەرمەن ئۆلۈم !

غۇچۇرلاپ چىشىمدەك كىرىشسە يۈلتۈز ،
نىھايەت چۆللەرە يوقارسەن دەريا .
پادىچى تېپىپ كەل شاپاق دوپپاڭنى ،
تاشلاردىن سۇ ئىچىپ تۇرماقتا پادا .

# يالغۇز ئادەملەر

ئۇھسىنىپ قەلبىمگە قويىمەن شۇئىرلاپ ،
ھەتتىڭەي ، شېئىر نېمە ، ئادەملەر نېمە ؟
سەن يالغان ، مەن يالغان ، يالغان ھەممىمىز ،
ھەتتاكى ئالدىڭدا ھايات ھېچنېمە .

كۆلۈمسىرەپ ، جىلمىيىپ ئۆتسەڭ بەربىر ،
ئەڭ يېقىن قەلبىڭگە ئەمەسسەن تالىق .
سەمىمىيلىك شېئىردىلا ئېيتىلغان بىلەن ،
بىر يۈرەك ئەمەسقۇ بارچە خالايىق .

نېمىدىن ئاغرىنىپ ئۆتەتتۇق ئەمدى ،
مۇھەببەت يالاڭ ئاياغ چاغلاردا قالغان .
ئاسانمۇ ئەزەلدىن ئۆزىدىن كېچىش ،
ئەپسۇسكى ، سەن ماڭا ، مەن ساڭا يالغان .

نەدىسەن چىنلىق ، دەپ بولساڭ توۋلىماق ،
تونۇشلار بەربىر ئۆتمىز ناتونۇش .

بۇ يالغۇز ئادەملەر ئىچىدە خىزىر ،
بولىسمۇ دەيدۇ كىم كەلگىن مەيپۇرۇش .



# جان

ئەڭ بىزەڭ تۇرمۇشنى سۆيمىكىم ئۇچۇن ،
ھاسىراپ - ھۆمۇدەپ ئالىمەن قەدەم .
بۇ تۇرمۇش سەن - بىزگە بەك سوغۇق گويا ،
لېيىغان باغرىمدىن قاچىسەن ئەركەم !

كۇتكىنى تەبەسسۇم ئەمەس ، بەلكى ياش ،
بوپ قالار ئىنساننىڭ ھەربىر ئۆتمۇشى .
ئايالدەك ھەسەتخور ۋە ياكى يۇزسىز ،
باشلىنار شۇ يەردىن ئەرلەرنىڭ چۇشى .

بىز يەنە ياشايمىز بۇنداق شەھەردە ،
بىز يەنە ياشايمىز ئۇمىد دەپ تۇرۇپ .
بىلەمسەن ئەڭ تاتلىق كۇلۇشنىڭ پەسلى ،
كېلەركەن ئۆزۇڭگە ئاچچىق ئاھ ئۇرۇپ .

# كىچىك ئىشىك

يازالمىغان كۆڭلىرىمدۇر بۇ ،
كۆكلىدىكىنى ، كۆكلىدىكىنى .
سەھەردىلا ياغقان ئاق قاردەك ،
كىمدۇر ئىشىك تۈۋىدىن كەتكىنى ؟

شائىرى يوق خەلقىدەك جاھىل ،
سوغۇق جۇدۇن تىلار يۈزلەرنى .
مەن يىغلايمەن يەنە كىم ئۈچۈن ،
كىم يىغلاتتى يىغلىغانلارنى .

كۆنگەن تۇرمۇش ، ئۆكۈنۈش ، قىسمەت ،
كىچىك ئىشىك ئالدىدىمۇ يا ؟
ئەڭ ئىشەنچلىك ئىشىك تاپالماي ،
كېتىپ قالغان بولسا لۇتپۇللا……

# تاغ ۋە شەھەر

ئۇۋىسىدەكلا ئاينىڭ ، قۇياشنىڭ ،
چوققىسىدا كۆرۈنەر ئاسمان .
ھۇۋلىغاندەك تۇندە ئەكبەرە[1]
ئۇچۇپ كېلەر سوغۇق ھاياجان .

قاپتاللاردا تۇتەكلىك ئاۋۇل ،
ئاي كىرپىدەك تۈگىلەر تىترەپ .
بۇ ھاياتنىڭ شىۋىرغانلىرى ،
بۇ تاغلارنىڭ ئېتىدەك كىشنەپ .

گىرەلەشمە جەڭنىڭ پەيتىدەك ،
تاغلار ھەيۋەت قاتتىق تۇتاشقان .
بەزەن تاشلار گۇمۇرۇلەر دەھشەت ،
كەلگەن كەبى باتۇر ئوغۇزخان .

① ئەكبەرە — ئايتماتوۋنىڭ «قىيامەت» رومانىدىكى ئانا بۆرىنىڭ ئىسمى .

قاپتاللاردا قىرغىز ئاۋۇلى ،
ئاھ ، ساددىدۇر ئاپپاقلا قاردەك .
شەھەر بىلەن تاغنىڭ ئارىلىقى ،
ئايرىلغاندۇر ئوتتۇرىسى ھاڭدەك .



# ئۆرۈمچىدىن ئاتۇشقىچە

ئەزەلدىنلا ئۆزۈن يوللاردەك ،
شۇنچە يالغۇز شۇنچە سوزۇلغان .
ئۆتەڭلەردە غېرىب ئاشخانا ،
ياشاش ئۈچۈن تەقلەپ قويۇلغان .

ئۆرۈمچىدىن يۆتكەلگەن كېسەل ،
يۆتىلىدۇ ئاچچىق چىڭقىلىپ .
ئاغى بۇلاق ناخشىلىرىنى ،
كىمدۇر بىر ئېيتار بېرىلىپ .

سايلار كەڭرى ، تاشلار ئارماندەك ،
بۇ چۆللەرگە تاشلاپ كېتىلگەن .
بەلكىم ھېلىقى ناخشىچى ئادەم ،
ئىچ - ئىچىدىن قاتتىق ئېسىلگەن .

# سەن مېنى چىن دىلدىن سۆيمىسەڭ ئەگەر

سەن مېنى چىن دىلدىن سۆيمىسەڭ ئەگەر ،
يوشۇرما ، يوشۇرغۇم يوق ھەم مېنىڭمۇ .
كېرەكمەس خالىماي بەرگەن شۇ كۆڭۈل ،
ئاخىرى ۋەيرانە قىلار سېنىمۇ......

سەن مېنى چىن دىلدىن سۆيمىسەڭ ئەگەر ،
ئېيت جېنىم بىھۇدە ئۆتمىسۇن تۈنۈم .
ياقمىسام مەن ساڭا ، دېگىن ياقمىدىڭ ،
بۇ ساختا ئازابتىن ئاقارسۇن كۈنۈم .

سەن مېنى چىن دىلدىن سۆيمىسەڭ ئەگەر ،
سۆيگۈم يوق مېنىڭمۇ ئۆرتىنىپ سېنى .
تەڭ سوققان ، تەڭ كۆيگەن بىر جۈپ يۈرەكلا
يېلىنجاپ ياندۇرۇپ تۇرار سۆيگۈنى .

سەن مېنى چىن دىلدىن سۆيمىسەڭ ئەگەر ،
سۆيگۈم يوق مېنىڭمۇ ئۆرتىنىپ سېنى .
خىيالىڭ سۆيگۈنى بولسا خار قىلىش ،
سۆيگۈمۇ ئەڭ ئاخىر خار قىلار سېنى .



## «تىتانىك ناملىق پاراخوت»

ئۆلۈم نېمە جېكنىڭ ئالدىدا ،
ئاھ ، چۆكتۈڭسەن سوغۇق ئوكيانغا .
لەھەڭ يالماپ كەتكەندۇ بەلكىم ،
باشلاپ پارلاق دادىل ماماتقا .

نېمە بولدى بايلارنىڭ ھالى ،
نېمە بولدى كەمبەغەللەر ھەم .
ئاھ ، پەقەتلا ئابى قىيامەت ،
تەڭسىزلىكنى ئۆچۈردى شۇ دەم .

كۆكتە يۇلتۇز جىمىرلايتتى سۇس ،
چۆكەر ئىدى پاراخوت ئاستا .
لەيلەر ئىدى ئادەملەر تېنى ،
چەكسىز ئوكيان قاتتىق سوغۇقتا .

ئامانمۇ سەن سۆيۈملۈك روسىي ،
بەك ئوخشايسەن بىزنىڭ قىزلارغا .

بىز تىترىدۇق تۆكتۇق كۆز يېشى ،
بىردەم سۈكۈت قىلدۇق دۇنياغا .



# بۇلاق خاتىمىسى

ئاي يۇيۇلۇپ چىقاتتى بىر چاغ ،
كۆن يۇيۇلۇپ چىقاتتى بىر چاغ......
......
شورلۇق دۆڭدە ئۆلتۈرغان بالا ،
كەپىنىزلىكىڭ كەتتى قاياققا ؟
ئاھ ، نېمانچە غەمكىن نەي كۈيى ،
دولقۇنلايدۇ يېشىم نېمانچە ؟
ئەي ، بىچارە كالا ۋە قويلار ،
تۇرۇپسىلەر مۆڭگىنىپ ئەجەب ؟
ئەي سۆيۈملۈك پەسىل قۇشلىرى ،
كەلمەيسىلەر نېچۈن بۇ يەرگە ؟ !......
ئەي كېچىلەرنى كۈيلىگەن پاقا ،
قاسراقلىرى تاشلاندۇق يىلان ،
سىلەر نەدە ؟
كەلمەيسىلەر نېچۈن بۇ يەرگە ؟ !

# كۆڭۈل قالار ھەممە نەرسىدىن

كۆڭۈل قالار ھەممە نەرسىدىن ،
ئويۇن - كۈلكە ، تاماشا نېمە ؟
«ئۆز ئەركىڭدە سوقساڭچۇ يۈرەك»
دەپ ئابدۇشۈكۈر كەلدىڭمۇ يەنە ؟

كۆڭۈل قالار ھەممە نەرسىدىن ،
ئايال نېمە ، شاياتۇن نېمە ؟
نەدە مېھرى ئىسسىق قەدىردان ،
شامال سەرسان تاشلىق شەھەرگە .

قىزلار ئاقار يۇلتۇزلار كەبى ،
ھەشەم - دەرەم مودىنى كۆزلەپ .
يوقال ، بىلسەڭ ئىسسىقى يوق كۈن ،
شائىرلارلا قالدۇ سۆزلەپ .

كۆڭۈل قالار ھەممە نەرسىدىن ،
پەقەت نىمە ئۆچمەيدۇ ئەبەد ؟
ئۆچكەن مېھىر ، ئۆچكەن سۆيگۈلەر ،
غەملەر قەۋەت ، بىنالار قەۋەت……



# پەرىشتىسى سىلەر كۆلبەمنىڭ

سىغىنىمەن ھەر كۈن سىلەرنى ،
ئەي سۆيۈملۈك پادىلار يولى !
ئەسلەت ماڭا چوپان كۈيىنى ،
ئەسلەت ماڭا غېرىب كۆلبەمنى .
ياخشىمۇسەن ،
مايلىشاڭغۇ دوپپىلىق دادا ؟
يۈرەمسەن يەنە ،
كەتمىنىڭنى كۆتۈرۈپ ،
قېچىپ كەتكەن سۈنى تۇتالماي ؟......
سەن ئاۋارە بەلكىم جان ئانا ،
تۇخۇم يىغىپ بولالماي ماڭا !
قىينالغانسەن پەقەت مېنى دەپ .
بىر يېنىڭدا يىغلاڭغۇ ئۇكام ،
بىر قولۇڭدا يەنە شۇ خېمىر !
ياخشىمۇسەن ،
چىت كۆڭلەكلىك جاپاكەش سىڭلىم ؟
ئوت ئالىمەن دەپ يۈرگەنسەنمۇ ،

قوناقلىقتا تەرگە چۆمۈلۈپ……
ياخشىمۇسەن ،
چېقىر كۆزلۈك ماشكام ،
ئوچاق بېشىدا مۈگدىگەن مۈشۈك ،
بولغانسىلەر بەلكىم ئۇچۇرما ،
تورۇستىكى قارلىغاچ باللىرى !
سېغىنىمەن نېچۈن سىلەرنى ،
يىغلامسىراپ ئەسلەيمەن نېچۈن ؟
ئەقىدىسى سىلەر قەلبىمىنىڭ —
ئەي سەھرانىڭ جاپاكەشلىرى ،
پەرىشتىسى سىلەر كۆلبەمنىڭ !……



# مېنىڭ ئۆيۈمدە بەلكى شۇ چاغدا……

سەھەر ،
كۈن ئۇۋىسىدىن چىقىۋاتقان چاغ ،
خوراز ،
ئاداققى قېتىم توختايدۇ چىللاپ ،
شادا ئىشىك ئېچىلار ئۇلۇغ……
چىقار ئېھتىمال ئانام بىچارە ،
تاھارەت ئالغىلى كۆتۈرۈپ ئىۋرىق .
نامىزىدا ،
ئەڭ ئاۋۋال تىلەيدۇ مېنىڭ رىزقىمنى ،
دادامغۇ كۆزىنى ياشلايدۇ ئاچچىق ،
تىترىتىپ مۇبارەك ئاپپاق ساقىلىنى .
بەلكى ئانام يۈكۈنەر ئاستا ،
تارىشىدەك قولىدا قوناق سويغىلى……

مېنىڭ ئۆيۈمدە بەلكى شۇ چاغدا ،
ئەسلىنىمەن ئانام يىغىسىدا .

ياشاڭغىراپ قالغان كۆزىگە ،
كۆرۈنىمەن ،
مەن «ئانا !» دەپ كەلگەندەك گويا .
مېنىڭ ئۆيۈمدە بەلكى شۇ چاغدا ،
كۈن قەدرىنى ساتىدۇ تامغا .
ھېرىپ - چارچاپ قايتقان دادام
تاشلىۋېتەر ئۆزىنى ئاپتاپقا......
ھەي ، سېرىقتال سۆيۈملۈك تۇرمۇش ،
نېچۈن يىغلىغۇم كېلىدۇ ساڭا ؟

مېنىڭ ئۆيۈمدە بەلكى شۇ چاغدا ،
كۈز كىرىۋالدى سوغۇق جىلمىيىپ .
ئۇماق ئۆگزەمدىن ،
قاغا كەتسە ئۇچۇپ يىراققا ،
پەيلىرىدەك گۇگۇمنى تاشلاپ ،
ئولتۇرامدىكىن ئاھ ، تاتلىق ئانام ،
يىراقتىكى مېنى سېغىنىپ......

مېنىڭ ئۆيۈمدە بەلكى شۇ چاغدا ،
كۈز كىرىۋالدى سوغۇق جىلمىيىپ......

# ئانامغا خەت

سېغىنغانسەن بەلكىم مېنى سەن ،
سېمايىمنى ئېھپ كەتسەم يىراق ،
يىغلىدىڭمۇ ؟
ئەلگىكىڭنى تاسقىغان چاغدا ،
ئۆچۈپ قالغان چىراغقا قاراپ ،
سېزىلگەندۇر مېنىڭ يوقلۇقۇم .

چۆچۈرەڭنى سېغىندىم ئەجەب ،
جۇۋاۋاڭنى سېغىندىم ئەجەب .
يامغۇر سۈيى تامچىلاپ چۈشكەن ،
چىغىر يولنىڭ گۈزەل ئۆچىكى ،
ئاھ ، كۆلبەمنى سېغىندىم ئەجەب .
بەلكىم مېنى دەپ ،
تۇخۇم سېتىپ پۇل قىلىسەن ،
قېتىق سېتىپ پۇل قىلىسەن ،
قۇياشنى ئويغاتماستىن ئاشۇ بازاردا .
......

قايتىسەن بىر چاغ ،
تۇغدۇرۇۋېلىپ ئۇپۇقتىن ئاينى .
ئاھ ئانا !......
ئەمگەكنىڭگە يىغلاي نىمە دەپ ؟ !......
كىرپىكىمدىن تۆكۈلگەن خەت ،
يوللانماقتا كىرپىكلىرىڭگە......



# بىر ئىشىك بار سوغۇق جىلمايغان

قارشى ئېلىپ باقمىدى ھېچكىم ،
قار گۈلىدەك سەبىي تۇيغۇمنى .
بىر ئىشىك بار سوغۇق جىلمايغان ،
كىرگۈزمەيمەن دېگەندەك مېنى .

بىر ئىشىك بار سوغۇق جىلمايغان ،
ماڭىلا سوغۇق جىلمىيامدىكىن ؟
بارالمىدىم ئالدىغا مەغرۇر ،
تىترەپ تۇرغان يۈرىكىم بىلەن ،
ئېھ ، مۇزلىغان پۇتلىرىم بىلەن .

ئېسىگىدىدۇر ،
فېۋرالنىڭ مەلۇم كېچىسى ،
ياپقىنىڭچە ئىشىكىڭنى ئاستا ،
كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويغىنىڭ ؟
پەقەت ،
ئېلىپ كىرسەم ،

تىترەپ تۇرغان ئىسسىق يۇرەكنى ،
پاك سۆيگۈمنى ، ئوماق تىلەكنى .
ئەپسۇس……
نېچۇنكىن سوغۇققىنە تۇيۇلار شۇ ئىشىك ،
پەرىزىدە ئاناڭ - داداڭنىڭ ،
مىليونېر بولۇپ چىقمىدىم چۇنكى……
نېمىشقىدۇر ،
كۆرۈنسەن كۆزۈمگە ئىسسىق ،
ئەسلىگۈملا كېلىدۇ سېنى .
بىراق ، بىر ئىشىك بار سوغۇق جىلمايغان ،
كىرگۈزمەيمەن دېگەندەك مېنى !



# سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

(ئابدۇللا ئارىپوۋغا تەقلىد)

قۇياش تۇغقان باھار پەرىسى ،
قىشلاقلارنى سۆيۈپتۇ ئوماق .
ئىللىق كۈيگە تولغان ھەممىسى ،
سۆيۈشىدۇ يېشىل يوپۇرماق .
يېشىللىقتىن رەڭلەنگەن چاناق ،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ ؟

قىر - قىرلاردا مامكاپ گۈللىرى ،
ئوينىتىدۇ سەلكىن شامالار .
تەسكەيلەردە ھۆپۈپ ئۈنلىرى ،
چېچەكلىگەن تاتلىق خىياللار .
سايلەردە مۆگدىگەن يوللار ،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ ؟

كۆكتە ئۇچقان ئاققۇغا قاراپ ،
غېربىلىقنى سېزىمەن ئەجەب .
سۆيۈشۈمنى شامالدىن يوللاپ ،
تېۋىنىمەن كېلىشىڭنى تىلەپ .
يېشىل سۆيگۈ تۇرماقتا تەۋرەپ ،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ ؟

ۋادا تولغاپ ئاقماقتا دەريا ،
ساھىللارنى سۆيۈشكە قېنىپ .
ۋىلىقلايدۇ باھاردىن دۇنيا ،
دۇنيا ئەمەس ، تەڭرى شادلىنىپ .
نېچۈن تەنها كۆزۈڭ ياشلىنىپ ؟
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ ؟



# كەتكىنىڭ بىلەن

بىساناق غەملەردۇر بۇ دۇنيا دېگەن ،
ئاسمانغا تاقىشىپ كەتكىن بەربىر .
كىم بېرەر قەلبىڭگە سۆيگۈ ـ سەدىقە ،
تۇيۇلار ھومىيىپ تۇرغاندەك تەقدىر .

ئايدىڭدەك چۇشلەرنى كۆرسەڭ سارغىيىپ ،
يېشىڭغا پاتمايسەن مۇشتۇمۇڭچىلىك .
ئەلەمدىن كېسەلمەن بولغان شائىرنى
قايسىبىر دورىخانا ئاپتىكەن ئىلىك ؟

ئۇرغۇپلا چىقىمىز پۇلدەك يۇرەككە ،
قەدىرسىز تەندۇر ئۇ ئادەملەر دېگەن .
قەلبىڭدىن قاچارسەن قەلبىڭگە ئەمما ،
مىڭ سۆزلەپ ئىسىت ، دەپ كەتكىنىڭ بىلەن !

## پۇشكىنغا

مەن قانداق شېئىرنى يازىمەن ھازىر ،
ئېھتىمال سەن يازغان شېئىرغا يەتمەس .
شۇ سېنىڭ ئامرىقىڭ ناتالىيەدەك ،
ئەمەستۇر ، سۆيگىنىم شېئىر كېرەكمەس .

مەنمۇ ھەم چۈشەنمەك بولغان سۆيگۈنى ،
سەن كەبى چىن شائىر بولساملا دەيتتىم .
ھەي ، بىراق چىنلىق ئۇ كەلمىش تەڭرىدىن ،
نەدىسەن ئەي مېنىڭ چىن ياشاش پەيتىم ؟

مەن شائىر ئەمەسمەن بولساممۇ سەندەك ،
ئالدايمەن ئۆزۈمنى يېزىپ يەنە شېئىر .
ھەي ، بىزنىڭ بۇ يەردە رۇسىيىدىكىدەك
ئەمەستۇر شائىرلار ! شۇنچە بىقەدىر......

# ئاخىرقى مۇھەببەت

خەير !
قولىلىرىڭنى ئۇزاتقىن ماڭا ،
سىقىۋالاي شۇنچىلىك قاتتىق .
ئورنىتىلغاي ئاچچىق ئابىدە ،
كەچمىشلەرنىڭ سىم - سىم يامغۇرىدا .

ۋۇجۇدۇڭنى تاپشۇرغىن ماڭا ،
پەقەت ،
ئاق يېغىن ئىچىدە ،
ئىككىمىزلا پىنھان بۇ جايدا .

خەير !
يېغىۋالسۇن ئاق يېغىن .
ئايرىلىشمۇ بولسۇن مۇھەببەت ،
تىترەپ كەتسۇن چۇشلەر قەبرىسى……

## بېكەت

سۆيۈپ كەلگەن سېنى باشتىلا ،
سۆيگىنىمچە ئۇزايمەن يەنە .

ئۇزىتىشقا چىقمىساڭ مەيلى ،
ئۆكۈنمەيمەن ،
قولياغلىقنى قىلمىساڭ سوۋغا .
بولمىساڭمۇ ،
ئاپتوبۇس قوزغالغان يەردە .
قوللىرىمنى ،
خەيرلەيمەن كىمدۇر بىرسىگە ،
ياشلىرىمنى سۇرتىمەن ئۆكسۈپ .
كەچمىشتىكى سەبىي ياغلىقتا .

ئەپسۇسلانساڭ گادالىقىمدىن ،
سۆيۈۋېرىمەن يەنىلا سېنى .
سۆيەلەمسەن مۇھەببەتنى ئەي !
سۆيسەڭ ئەگەر ،

چاڭ - توزاندا قالغان يېكەتتىن ،
قولۇڭ شىلتىپ قوغلاپ باق قېنى .

ئۆزىتىشقا چىقمىساڭ مەيلى ،
سۆيۈپ كەلگەن سېنى باشتىلا .
سۆيگىنىمچە ئۆزايمەن سېنى !



# يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا

يېرىم كېچىدىن ئاشقان بۇ مەزگىل ،
تىمتاسلىقتىن بوغۇلار نەپەس .
نەدىدۇر بىر زەيلەشكەن ئۆيىنىڭ ،
ئىشىكى يېنىك قالار غىچىرلاپ .
يول سۈپۈرۈشكە چىقىدۇ بىرسى ،
بۇ پەرىشتە يوللار يۈلتۈزى .

شىرت - شىرت سۈپۈرگە ئۈنى ،
تىۋىش تاشلاپ ئۈزايدۇ يولدا .
غۇۋا كۆرۈنۈپ قالار پەرىشتە ،
چاڭ لەيلەيدۇ كوچا چىرىغىدا .

سۈزۈك توپا - چاڭ ،
تازىلىق ئىشچىسى — ئاپپاق پەرىشتە .
غۇۋالاشقان ياداڭغۇ چىراغ ،
جىمجىتلىق ئاستاغىنە بۈزۈلار شۇ يەردە .

ئەتىسى سۇبھى تۇغۇلغان چاغدا ،
كىملەردۇر ئىچىدە قالار سۆيۈنۈپ .
بىراق ئۇ ،
كېلەر ئۆيگە بەللىرى تېلىپ .



# نېچۈن مەيۈس تىكىلىسەن كۆزۈمگە

نېچۈن مەيۈس تىكىلىسەن كۆزۈمگە ،
نېچۈن سېنى قاپلىغان غەم تۇمانى ؟
مېنى سۆيۈپ قالغان بولساڭ ئەگەردە ،
سۆيگۈم مېنىڭ سۆيگۈ كەلگۈن - قىيانى .

بەرھەق ، سۆيگۈ قىلار غەملىك بىلەرسەن ،
بەرھەق ، كۆيۈش - كۆيدۈرۈشتە بۇ جاھان .
كۆيمىگەندە كۆرمىگەنتىم سېنىڭدە ،
شۇنچە مەيۈس ، يېتىرقاشنى ھېچقاچان……



# ئاق يېغىن ئىچىدە تەنها
# ئاق كەپتەر

نويابىر يېغىنسى مۆگدىگەن سەھەر ،
ئاق يېغىن ئىچىدە تەنها ئاق كەپتەر .

ئاق يېغىن ئىچىدە تەنها ئاق كەپتەر ،
ئۇچاتتى تىترەڭگۇ يۈرىكى بىلەن ،
شەبنەمدەك كۆزىدە يىغلاپ سەھەرگە .

ئاق يېغىن ئىچىدە تەنها ئاق كەپتەر ،
تەبىئەت بالام دەپ ئەركىلەتتىمۇ ؟
سۇپسۈزۈك مۇھەببەت ھەسرىتى بىلەن ،
يىغاڭدەك سەھەرنى بەخش ئەتتىمۇ ؟
ئېھ ، ئاپپاق قانىتىڭ سوغۇق يامغۇردا ،
بىچارە تۇيغۇڭدەك ھۆل بوپ كەتتىمۇ ؟
نويابىر يېغىنسى ، سىم - سىم سوغ يامغۇر ،
ھەممىسى ئازاب بوپ تۇيۇلدىمۇ ئاھ !......

ئاق يېغىن ئىچىدە تەنها ئاق كەپتەر ،
ئۇچاتتى تىترەڭگۈ يۈرىكى بىلەن ،
شەبنەمدەك كۆزىدە يىغلاپ سەھەرگە……



# ئاھ ، بۈگۈن سېغىندىم
# سېنى نەقەدەر

ئاھ ، بۈگۈن سېغىندىم سېنى نەقەدەر ،
تىترىگەن غازاڭدەك يۈرىكىم بىلەن .
ھەسرەتلىك گۈدۈكنى قالدۇرغان پويىز ،
چىرمىشار نەملەشكەن كۆيلىرىم بىلەن .

سېغىنىش ھېسلىرىم كېتەر دولقۇنلاپ ،
قۇياشتىن نۇر ئېمىپ كەلگەندەك باھار .
بىلمەيمەن بۇ يولنىڭ قايسى دوقمۇشى ،
قايسىبىر تەسكەيدە ئېرىمىگەن قار .

ئاھ ، بۈگۈن سېغىندىم سېنى نەقەدەر ،
تىترىگەن غازاڭدەك يۈرىكىم بىلەن .
ھەسرەتلىك گۈدۈكنى قالدۇرغان پويىز ،
چىرمىشار نەملەشكەن كۆيلىرىم بىلەن .

# بىلمەيسەن ئۆزۈڭنىڭ تاتلىقلىقىنى

نېمىلەردۇر يۈرىكىڭنى تاتىلايدۇ بەلكىم ،
نېمىگىدۇر ئۇھسىنىپ قارايسەن ئاچچىق .
ئۆزۈڭنىڭ تەڭپۇڭسىز مەۋجۇتلۇقىدا ،
مەۋجۇتتۇر كۆللى قايغۇ ۋە شادلىق .

يۇمۇلغان كىرپىكتە ساياق يۈرگەن روھ ،
تەمەسىز دەقىقتە شەيتان ئېھتىمال .
سەن كىم دەپ سورىسا غايىب بىر سادا ،
جاۋاب بەر «سۆكۈتنىڭ نەرخى» دەپ دەرھال .

بىلمەيسەن ئۆزۈڭنىڭ تاتلىقلىقىنى ،
بىلمەيسەن ئازابىنىڭ بوسۇغىسىدا .
ھەر مەررە ئامەتتە ئامەتلىك ئىلاھ ،
بار چوقۇم قايغۇنىڭ نۇرسىزلىقىدا .

# ئېچىنىمەن كۆلمىگەن مىنۇتلىرىمغا

ھېچكىممۇ قولۇمنى باقمىدى قىسىپ ،
شەيتانسىز تۈيغۇدا ئاققان ياش بىلەن .
ھېچكىممۇ باقمىدى مېنى ھەم سۆيۈپ ،
ئېھتىمال ياشاشنى چۈشەنمىدىم مەن .

ھېچكىممۇ ئاتايىن كەلمەيدۇ يوقلاپ ،
ئاھ ، بارى كۆلكىنى چۈشىگەن ئازاب .
كىمگىدۇر يىغلايمەن مىسكىن كۆزۈمدە ،
ئاھ ، بارى ھىجراندىن تۆكۈلگەن شاراب .

ئادەم ئۇ ئۆمرىگە ئېچىنغان مەخلۇق ،
ئادەم ئۇ ئۆلۈمنى يېڭەتكەن بالا .
ئاھ ، نېتەي قەلبىمنى چۈشەنمەس ھېچكىم ،
قۇيۇل ئەي رومكىدا ئوت كەتكەن گۇناھ .

ئېچىنىمەن كۆلمىگەن مىنۇتلىرىمغا ،
ئۇ مېنى سۆيمىدى يېقىپ لېۋىگە .

ئۆزۈمچە داڭقېتىپ قالدىممەن قاراپ ،
بەختىننىڭ توزۇغان ئاچچىق كۆلىگە .



# مەن سېنى خىيالەن سۆيىمەن ، ئەمما

مۇزىكا كۆزىدىن يېرىلغان ئازاب ،
سەھەردەك بىر قىزسەن يول بويىدىكى .
مەن سېنى سۆيمەيمەن ، سۆيەلمەيمەن ھەم ،
سەھەردەك بىر قىزسەن گۈلنىڭ يۈرىكى .

قارىما ، مەن ساڭا قارىيالمايمەن ،
سەن نېمە ؟ مۇزىكا ، مۇزىكا پەقەت .
مەن سېنى خىيالەن سۆيىمەن ، ئەمما —
سەن كىم ؟ قەلبىمگە يوللانمىغان خەت .

سەھەردە نەم تۇمان لەيلەيتتى ئېغىر ،
تۆكۈلەتتى مۇزىكا كۆزىدىن ئازاب .
غۇۋا بىر تەلپۈنۈش ئۇزايتتى مەندىن ،
ئۆزۈمچە يوشۇرۇن قالاتتىم قاراپ .

قارىما ، مەن ساڭا قارىيالمايمەن ،
مەن سېنى سۆيمەيمەن ، سۆيەلمەيمەن ھەم .
سۆيۈلۈش ئۇ نېمە ، ئاچچىق ياشلىنىش ،
خەير ، ئاھ كۆڭلۈمدە قالدىڭ رەيھانەم .



# يانۋاردىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈن

يىراقتىن ئۈمىلەپ كەلمەكتە گۈگۈم ،
چۈشۈمدەك مۈزلىغان قىرووۋدىغان قىش .
دەردمەن كۆزنەكنى چېكەمدىكىن ئۇ ،
كېزەتتى قەلبىمدە گۇماني تىۋىش .

ئاپپاق كەچ ، ئاق ئايدىڭ ئاقۇچ تۈتەكلەر ،
كېلەتتى نەدىندۇر يېتىمچى ناخشا .
كۆزۈمدىن تامچىغان تارام ياشلاردا ،
بەك غۇۋا كۆرۈنەتتى تونۇش بىر سىما .

ھېچكىممۇ تەسەللى بېرەلمەس ماڭا ،
بېرەلمەس يانۋارنىڭ ئاخىرقى كۈنى .
ئۈنتالماي يورۇشۇڭ ئەمەستۇر قىيىن ،
يەنىلا سېغىنىپ يۈرمىسەڭ مېنى .

خەير- خوش يانۋارنىڭ ئاخىرقى كۈنى ،
خەير- خوش چۈشلەرنى ئالدىغان دىلبەر .

ئۆتەرسەن بىر كۆنلەر قەبرەمنى يوقلاپ ،
ئەسلەشكە ئۈمىدۋار بولساڭلا ئەگەر .



# ئۆزۈمنىڭ سەمىگە

تومۇرۇڭدا لەيلەپ يۈرگەن ھەسرىتىڭنى ،
يۇيالماس كۆزلىرىڭدىن ئاققان ئەلەم .
تامچىلايدۇ ، تامچىلايدۇ ، ھەي تامچىلاش ،
يوقال مەندىن ، كەلمەيدۇ سەن سۆيگەن سەنەم .

ئۈمىدىڭدەك ئۇچۇرما بولغان كىچىك بىر قۇش ،
مەغرۇر قانات قاقسۇن قانداق يىراقلارغا .
ئەقىدەڭدەك سۇزۇك - سۇزۇك ئەمەس ھايات ،
سۈكۈت قىلما قاراپ غۇۋا چىراغلارغا .

تاتلىق ساڭا جىمجىتلىقتا ئۈنسىزلىنىش ،
تاتلىق ساڭا رومكىلارنى ئۈپكەن دەقىق .
ئەپسۇس ، تۈنجى مۇھەببەتنى بولماس ئۇنتۇپ ،
ۋادەرىخا ، ئازاب بىلەن ئوخشاش بەخت .

ئىشەنمىگىن چۈشلىرىڭگە ئالداپ كەتتى ،
پىل - پىل قىلىپ قالدى سۆيگۈڭ تۇتەكسىمان .

سېنى سۆيمەي كەتكەن ئاشۇ ھاكاۋۇر قىز ،
كېلەر بىر كۈن كۆز يېشىڭدەك ئېرىپ ھامان .



# يەنە بىر مىنۇتتىن كېيىن

سىم - سىم يامغۇر ،
تاراسلاپ چۈشىدۇ دېرىزىلەرگە .
يەنە بىر مىنۇتتىن كېيىن ،
قوزغالماقچى دەردمەن ئاپتوبۇس .
سۆزۈك ۋە تۇتۇق دەردىمنى قاچىلاپ ،
سەندىن يىراق غېرىب شەھەرگە .
يەنە بىر مىنۇتتىن كېيىن ،
ئاجرىلار سوغۇققىنە قوللىرىمىز بەلكىم ،
سۆسلاشقان ئەقىدە ئىچىدە غەمكىن .

قالىسەن يامغۇرلۇق بېكەتتە يالغۇز ،
شىلتىمسەن قولۇڭنى سوغ كۆلۈمسىرەپ .
قول شىلتىش ،
ئاشۇلا كۆپايە ئەمەسمۇ ماڭا ؟
يەنە بىر مىنۇتتىن كېيىن ،
يېقىنلاپ كېتىمەن سەندىن ئۆزۈمگە ،
ياخشى قال دېگەندەك قول شىلتىپ ساڭا .

خەير ! كۈلۈمسىرەپ ئۈزىتىپ قويمىغان بېكەت ،
خەير ! سۆيۈملۈك ھاكاۋۇر قىزچاق !



# قىيا ئوچۇق ئىشىك يېنىدا

بىر قىز بار دەپ يۈرىمەن جەزمەن ،
قىيا ئوچۇق ئىشىك يېنىدا......

ئۆز - ئۆزۈمنى يۈرىمەن ئالداپ ،
ساراڭ بولۇپ قالمىدىم بىراق .
سېنى بىزار بوپ كەتمىسۇن دەپ ،
پىۋىنىمۇ ئىچمىدىم بەك كۆپ ،
تۈيغۇمدىكى سۆيۈملۈك قىزچاق .

ئىچىۋاپتۇ باھارنى دۇنيا ،
سەيلىسىگە شېرىن مەي قىلىپ .
شەبنەملەردە تامچىلاپ قۇياش ،
ئىللىقلىقنى تۇرار قەي قىلىپ .

قىيا ئوچۇق ئىشىك يېنىدا ،
سەن تۇرامسەن باھاردەك پارلاپ .

ئۆز خۇدۇمنى بىلمەي ئۆزۈمچە ،
كۆرستەرمەن ئاھ قانداق قىلىق ،
لەيلەپ ئۆچكەن ئۈزۈك ئاۋازدەك ،
كارنۇتىمغا كەلسەڭ يېقىنلاپ .

قىيا ئوچۇق ئىشىك يېنىدا ،
كىرەلمىگەن بىر قىز بار چوقۇم .
ئۆز - ئۆزىدىن تارتىنىپ ئوماق ،
كىرەلمىگەن بولۇشى بەلكىم .

ئاستاغىنە كىرىپ پەرىدەك ،
باھار كەلدى دەمدىكىنە ئۇ .
شېرىن - شېرىن جۇغۇلداشلارغا ،
كەل قانايلى دەمدىكىنە ئۇ .

قىيا ئوچۇق ئىشىك يېنىدا ،
بىر قىز ئاستا مارايدىغاندەك......
مەندەك كۆڭلى سۇنۇق بالىنىڭ
دىلىغا زوق تارايدىغاندەك .......



# يالغۇز ئورۇندۇق

جىمجىت سىنىپ ،
جىمجىتلىق ئاستاغىنە كىرمەكتە دەسسەپ .
كىرمەكتە ئۈيىلىپ تارتىنچاق قىزدەك ،
ئالدىمدا مۆلايىم كۆيۈۋاتقان شام ،
كۆتۈرۈپ تۇرماقتا بىر كۈپلېت يىغا .

يالغۇز ئورۇندۇق ،
سارغۇچ رەڭ كۆز ياشتا كېتەر نەمدىلىپ .
يالغۇز ئورۇندۇق ،
تۇرسەن كىملەرنى ئەسلەپ ، سېغىنىپ ؟
سەن ماڭا ئوخشامسەن ئېيتىپ باققىنا ،
ئوخشامدىم مەن ساڭا يالغۇزلۇقۇڭغا .
مۇزىكا ،
كۆلۈمسىرەپ كىرگەندە دېرىزىلەردىن ،
كېتىسەن بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ .
كەل بۇگۈن ،
قانغۇدەك مەست بولۇپ بېرەيمەن ساڭا .

كەل بۇگۈن ،
يىرتىۋېتەي مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزۈمنى .
ئاھ ، بۇ چاغ
ھېچكىممۇ تەقدىرداش بولالماس بىزدەك ،

ھېچكىممۇ بەختلىك بولالماس بىزدەك .
يالغۇز ئورۇندۇق ،
ئەي غۇۋا سىنىپ ،
ئەي مۇڭلۇق چېلەك ، مۇڭلۇق سۇپۇرگە ،
سارغۇچ دېرىزە ،
قاپقارا دوسكا ،
تۇرىسىلەر نېچۈن سۈكۈتتە ،
كېلىڭلار ،
قانغۇدەك مەست بولۇپ بېرەي سىلەرگە ،
يىرتىۋېتەي مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزۈمنى !......

# ئۈزاتماڭلار

ئۈزاتمىغىن ،
ئىللىققىنە يامغۇرلۇق سەھەر ،
لەيلەپ يۈرگەن نەمخۇش تۇمانلار .
ئۈزاتمىغىن يىغا چىراي ئانا ،
ئۈزاتمىغىن توپا چىراي دادا .

مەن بۈگۈن ،
كېتىمەن خەرىتىدىكى يىراق بىر جايغا .
ئانا ،
كېتىمەن بۈگۈن ،
سەن سومكامغا
زاغرا ۋە توقاچلارنى قاچىلاپ بەرگەندەك ،
قاچىلايمەن يۈرىكىمگە
تىنۋىشسىز چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىڭنى
قاچىلايمەن ئاپتوبۇسقا تېخى ،
ئېيتالمىغان ھەممە دەردىمنى .
خەير دادا ،

سىقىسەنغۇ قولۇمنى ئەجەبمۇ قاتتىق .
توختىغىن ،
سۇرتۇۋېتەي خىزىر سۇپەت ساقىلىڭدىكى
مونچاق - مونچاق ئىسسىق يېشىڭنى ،
ئېيتما بولدى
كۆڭلۇڭدىكى نۇرغۇن گەپلەرنى……

ئەي كۇچۇك ،
قېشىمدا چۆرگىلەپلا يۇرىسەن نېچۇن ؟
سېنىڭمۇ يىغلىغۇڭ بارمىدى ماڭا ؟
ئەي چەللە - باراڭلىق ئۆي ،
ئەي ، چىت سانجىلغان ئەنجان تاملىقىم ،
ئەي ، ئۆرۈك ، جىگدىلىرىم ،
تۇرىسىلەر نېمىشقا غەمكىن ، خىيالچان ؟
ئۇزاتمىغىن يىغا چىراي ئانا ،
ئۇزاتمىغىن توپا چىراي دادا ،
ئۇزاتمىغىن ئەي كىچىك ئۇكام ،
ئۇزاتمىغىن يالغۇز كۇچۇكۇم ،
ئۇزاتمىغىن كەمبەغەل كۆلبە ،
ئۇزاتمىغىن……

ياخشى قال ،
ياخشى قېلىڭلار ،
ئۇقۇشۇمغا نۇسرەت تىلەڭلار .

خەير ! ئامان بولۇڭلار ،
خەير بوسۇغۇسىز شادا ئىشىكىم .

ئانا ، كېتىمەن بۈگۈن ،
سەن سومكانغا
زاغرا - توقاچلارنى قاچىلاپ قويغاندەك .
قاچىلايمەن مەنمۇ يۈرىكىمگە ،
تېۋىشسىز چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىڭنى .
قاچىلايمەن ئابتوبۇسقا تېخى ،
ئېيتالمىغان ھەممە دەردىمنى......



# ماماتلىق كىرەكتۇر روھىمغا بۇگۈن……

«ۋادەرىخ» ، «ۋاي ئىسىت» ، «ئەپسۇس» دېگەننى ،
قىلدىمكىن قاچانكىن ئاجىز ئىبارە……

ئىس بولۇپ ئۆرلىسەڭ توزاندا شەھەر ،
كۆزۈمدىن چىرقىراپ قاچما ئەي ساراڭ……
كۆرگەنمەن قاچقاننى بىر ئىستۇدىيىتنىڭ ،
نومۇس قىلىپ ، كەپتۇ دېسە خۇرجۇنلۇق داداڭ……

قايسىدۇر خامۇشلۇق ئىچرە ئاستىلا ،
ھەي ، غەرق بولغانسەن كۆزۈمگە ئەرك .
كۆپ قېتىم
«خەپ چوقۇم……»دېدىڭ سەنمۇ ھەم ،
پاتالماي يېشىڭغا بىر قۇياشچىلىك……

بولدى ، قوي بىلمەيسەن مېنى خوراتقان ،
مىليونىر قوشنامنىڭ كۆكسى چوڭ قىزى……

ماماتلىق كېرەكتۇر روھىمغا بۇگۇن ،
كەل چايناپ پۇركۇۋەت مېنى ئەي شەھەر .
نە ، مەندەك ئاھ ، خامۇش سەندەك بىزەڭگە ،
هازىرلا قىيامەت بولسۇنكى ئەگەر……



# ئۆزۈمگە پەتىۋا

قايسىبىر سەزمىشتە ئۆتتىكىن كۈنۈم ،
سالالماي يۈرىمەن ئۆزۈمگە گىرە .
ۋادەرىخ ، گۈل بولدۇم چۈشتە ئېچىلغان ،
نە ئۈچۈن غېرىبمەن ئىنسان قەلبىگە .

قويغىنە ھىجايغان چىرايلار نېمە ؟
بەختكەن ئۇ گويا يالت قىلىپ ئۆچكەن .
كىم قاقشاپ ئۆتمىگەن نەپسانىيەتتىن ،
ئاھ ، قانداق ئازاب ئۇ كۆزۈمگە چۆككەن ؟

نە ئۈچۈن بولىمەن يېشىمدا سەرسان ،
كىم ھوي سەن كۈز سەھىرى ئىچرە يوقالغان ؟
كەل بوۋا — خىزىرىم قولۇمدا قامچا ،
مەن شۇ مەن ياپيېشىل چۆللەردە قالغان......

# ھېلىقى قىز

«يالت» قىلىپ ئۆتىدۇ مەلۇم كوچىدىن ،
«چىپپىدە»توختايسەن قاراپ جىممىدە .
بىر تاتلىق سېزىمدە بولىسەن مەستخوش ،
قارايسەن تەلمۈرۈپ قىزنىڭ كەينىدە .

ئارقىسىدىن تۈيدۈرماي كېلىدۇ ماڭغۇلۇك ،
قايرىلىپ بېقىشنى قىلىسەن تەمە .
بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ماڭايىۇ دەيسەن ،
يۈرىكىڭ دۈپۈلدەپ سوقىدۇ شۇندا .

ئاھ ، ئۇنىڭ مېڭىشى دولقۇن چاچلىرى ،
كۆرۈنەر كۆزۈڭگە ئوت نازۇك بەدەن .
نېمىمۇ دەرمەن دەپ بولىسەن جىلە ،
بىر گەپ دەپ تونۇشقۇلۇك كېلىدۇ قەستەن .

نەقەدەر قىزغىنسەن ، ئىنتىلىسەن شۇ چاغ ،
دەيسەنكى هازىرلا تونۇشۇپ قالسام .

ۋە لېكىن ئۇ چىقىپ كەتسە تاكسىغا ،
دەيسەنكى شۇ شوپۇر گەر مەن بوپ قالسام .

نەچچە كۈن ئۆزۈڭچە بولسەن گاراڭ ،
ۋاي ئىسمى نېمىدۇر دەيسەن قىزىقىپ .
نېمىگىدۇر ئاچچىقلاپ قىلىسەن تاپا ،
بۇ ياشلىق قايىنامدا يۈرسەڭ ئېزىقىپ .

ئېزىقىش ئەمەس ئۇ بەلكى مۇھەببەت ،
ئېزىقماي كىم تاپقان سۆيگۈ - بەختنى .
ئەي ياشلىق ، سەنسىدىڭ «ئاھ» بىلەن قالغان ،
دەيسەنۇ ئويلايسەن ھېلىقى قىزنى......



# شېئىرىمغا ئىلاۋە

قەلبىمنىڭ ئەڭ يىراق چېتىدىن ھېلىھەم ،
كېلىسەن ئاپرېلنىڭ شامىلى كەبى .
نەدىسەن مەن يەنە يازالمىغان شېئىر ،
توۋلايكى رېئاللىق قەبىھتۇر ، قەبىھ .

مەن قانداق شېئىرنى يازارمەن يەنە ،
شېئىر بۈگۈن جىپلارغا ئەمەستۇر كېرەك .
ھەتتاكەي رەنجىپلا ئۆتەمدۇ تۇرمۇش ؟
موھتاجلىق ، موھتاجلىق تەلمۈرۈش دېمەك .

نەدە ئۇ سېنى سۆيمەن دېگەن يار ؟
نەدە ئۇ قول شىلتىپ سۆزلىگەن شائىر ؟
نەدىكەن ، ۋادەرىخ ، تۈنۈگۈنكى ئۈمىد ؟
يۈرەرمىز تىلەمچى بالىدەك بىقەدىر .

# ۋاقىت يىلان، ۋاقىت دېرىزە

قاچان ئۆچتى كۆزۈڭدىكى ئوت ؟
چېچىڭ سۆيگۈ زۇلمىتى كەبى .

ئاھ، تاشلايدۇ كۆزلىرىمگە تور،
ۋاقىت يىلان، ۋاقىت دېرىزە .

ھۇجراڭدىكى مامۇق ياستۇقتەك،
يۇمشاققىنە ئەمەس دېرىزە .
يىلان سويلاپ چۈشسە نۇر بولۇپ،
تۇيمايسەن،
ئاق بوينۇڭغا سالغاندا گىرە .

ئۇزۇك نەپەس، ئۇزۇك ئادەملەر،
ئىشىكلەرنى چېكەر ئاۋايلاپ .
سۇنۇق كىچىك تايىقنى تۇتۇپ،
كۆڭلى سۇنۇق بىر بالا،
ئايغا قاراپ تۇرىدۇ يىغلاپ .

ئۈيقۇدىكى گۈزەل چۈشلەرنى ،
يىغلاپ - يىغلاپ بولماس تولدۇرۇپ .
سەن ئۇخلايسەن يىلان قەلبىدە ،
سەن ئۇخلايسەن ئىڭراپ ، تولغىنىپ……
تال - تال ، تال - تال قارا چېچىڭدىن ،
چىقار كېچە ئاستا سۇغۇرۇلۇپ .

يىغلىمايمەن ، يىغلىما سەنمۇ ،
ۋاقىت تۈزلۈق ، ۋاقىت شور دەريا .
ۋاقىت قىز ئۇ ، سەن ۋە ئىككىمىز ،
بىر ھۆجرىدا ياتمىغان گويا .

دېرىزە ،
بارار كېڭىيىپ ،
خىيالىڭدىكى پەرىشتە بولۇپ .
يىلان ،
شەھەردىكى تاملار قەلبىگە ،
ۋاقىت بولۇپ نازىنىن بولۇپ ،
يۆگىشىدۇ دېرىزىگە .
يىلان ۋاقىت ، يىلان دېرىزە……

# ھېچنېمە

كۆي كۆڭۈل كۆز ئارا تامچىلاپ ئېقىپ ،
ۋادەرىخ ، قانچىلاپ توقۇدۇق شېئىر ؟
مۇناجات خەنجىرى ئۆرتىمە مېنى ،
ئاپتاپتەك سۇنىدۇ بۇ يەردە مېھىر......

ياش بولۇپ تامچىلاپ ئاققىنە ئايدىڭ ،
يۈز بېرەر ئېھتىمال گۈزەل تامچىلاش .
بىز قانداق ئەلەمنى قىلدۇق ئىبارە ،
كۆيۈپلا تۇرسۇنكى مۇز ئىچرە قۇياش !

ئەمدىكى يۈرەكنى ساقلايمەن نەدە ؟
نەدىسەن دەيمەنمۇ ئەي ، مەسىھ چۆلى .
نېچۇنكىن تىتىلىپ كەتمىدىڭ كۆزۈم ،
تۇرمامدۇ ئالدىڭدا رەزىللىك گۈلى .

بىر ئاشنا سەن ئۆزۈڭ بۇگۈن ھەم غايە ،
كۆزئارا ئەي ئادەم سىرغىپلا ئاقساڭ .

قەلبىمگە سىغدىلىپ يۈرسەمكىن نەدە ؟
مەن يوقمەن ، مەن يوقمەن ئىشىكنى قاقساڭ……



## قەشقەر

سەزمەكتىمەن ئۆزۈمنى يالغۇز ،
قوڭغۇزلاردەك ئادەملەر بىلەن......
......
تىترەپ - تىترەپ كېتىمەن بەزەن ،
يازمۇ سوغۇق ، قىشمۇ ھەم سوغۇق .
بىر ناخشىنى كېلەر ئېيتقۇم ،
ئەپسۇس ،
ناخشام بوغۇق ، ئاۋازىم بوغۇق......

1

تاكسىلاردەك قىپقىزىل يۈرەك ،
يۈرەر ئاستا يولۇچى ئىزدەپ......

ھېيتگاھنىڭ قۇببىسىدىن سەھەر ،
باشلاپ كېلەر
سامسىپەزنىڭ تونۇرىغىلا ،

چوغدەك ۋىل - ۋىل يانغان شەپەقنى......
......
لايقىپ ئاققان تۇمەن دەرياسى ،
يۇتۇۋېتىپ ھەتتا قۇياشنى ،
قىزىرىپ كەتتى ئەتىگەندىلا......
سىمىز بىر چوكان ،
ھېسىپ يۇغان مەينەت سۇلارنى
تۆكۈۋەتتى تار يولغىلا .
قوشنا ئۆيدىن چىقىپ بىر ئايال ،
ئۇمۇ يۇندى تۆكمەكچى بولۇپ ،
دەۋەتتى ئەستاغپۇرۇللا......

2

ئۆز - ئۆزۈمگە ئەگىشىپ مېڭىپ ،
توختاپ قالدىم بۈگۈن بىردىنلا ،
كىتابخانىنىڭ بوسۇغىسىدا .
......
ئەنە «ئويغانغان زېمىن» ، «قۇم باسقان شەھەر»
ئەنە «داغ» ، ئەنە «روھ پەسلى» ،
«سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا»
سېتىلىپ كەتتى ،
قارا پەلتولۇق ئېگىز كىشىگە .
بىر ئىستۇدېنت ،

كۆرۈپ ئاۋۋال كىتاب باھاسىنى ،
خېلىلا بىر دەردمەن كىشىدەك ،
تىنىپ قويىدى «ھەي……» دەپ ئىچىگە .

## 3

يالغۇز باشلىق ،
يالغۇز ئىشخانا ،
كىشىلەر بىلەن لىق تولار بىراق .
تەھرىر بۆلۈم ئىشىكى ئالدىدا ،
بىر ھەۋەسكار
تۇرۇپ كەتتى بەك ئۇزاق……
……
بىر دېھقان ،
باشلىق ئىشخانىسىغا
شېئىر كۆتۈرۈپ كەلدى بىر قۇچاق ،
باشلىق سوغۇق تەلەتى بىلەن ،
ئوقۇيالماي شېئىرنى
ئىچى بەكمۇ كەتتى تىتىلداپ……
……
ئۇرۇمچىدىن كەلگەن بىر شەخس ،
سېتىۋالغانمىش ھەپتىلىك ،
بىر كېچىلىكى
تۆت يۈز كويلۇق مېھمانخانىنى .
يالغۇز مېھمانخانا ،
يالغۇز كۈتكۈچى……
نەزەرباغدىكى بىر دېھقان

تۆلىيەلمەي ئوقۇش پۇلىنى ،
مەكتەپتىن ،
چىقىرىۋالدى بالىسىنى......
يالغۇز مەكتەپ ،
يالغۇز سىنىپ ،
يالغۇز ئورۇندۇق......

## 4

يەر شارىدىكى يىراق بىر جايدىن ،
قىزىرىپ - تاتىرىپ كېلىدۇ سەھەر .
يالغۇز سەھەر .
يالغۇز يەر شارى .
بىر ناخشا چولپىنىنىڭ ،
ئەتىگەندىلا تۇتتى يەنە ،
نەشە خۇمارى .
يالغۇز چولپان ،
يالغۇز يەر شارى .

## 5

تۇمەن دەرياسىدا ،
پەرىشتىدەك كالا - قويلارنىڭ ،
يۇيۇلىدۇ تېرە - ئۇچىيى......
ئالىيجاناب زاۋۇتلارنىڭ

قوشۇلىدۇ قاڭشىق سۇيى .
يېزىلىدۇ ،
قايسىدۇر بىر شائىر قەلىمىدە ،
«ئابى زەمزەم» دەپ تۇمەن دەرياسى .
رادىيودىنلا ئاڭلىنار ھازىر ،
ۋادەرىخ ، ئاھ ، تاشۋاي راۋابى !
يالغۇز دەريا ،
يالغۇز راۋاب……

## 6

ئەتىيازدا ،
ياۋروپالىقنىڭ كۆك كۆزلىرىدەك ،
كۆكۈچ ئاسماندىن ،
ياغار قەشقەر قاردەك لەپىلدەپ ،
ئېگىز بىنالارغا .
چالما - كېسەكلىك كونا ئۆيىنىڭ
ئاران تۇرغان ئۆگزىسىگە ،
ياغار قەشقەر قاردەك لەپىلدەپ ،
ياغار سەھەر پاتقاق بولۇپ .
مەينەت سۇلارنى سۇپۇرۇۋاتقان ،
پەرىشتىدەك تازىلىق ئىشچىسىنىڭ
ھەتتا كۆتمەك سۇپۇرگىسىگە……
ياغار قەشقەر قاردەك لەپىلدەپ ،

ئاسفالىت يولنىڭ چېتىدىكى ،
ھەممە نەرسىگە .
يالغۇز ئىشچى .
يالغۇز سۈپۈرگە .

7

بىر پىيەنچۈك
نېسىگىلا ئالدى ئىككى سەر مەينى
سەھەردىلا قېقىۋەتتى زاكوسكىسىز ،
تىترەپ تۇرغان قوللىرى توختىدى شۇئان .
پوچتىخانىدا بىر بالىغا ،
يۈزلىرى ،
«شىنجاڭ خەرىتىسى» دەك بىر بوۋاي ،
يازدۇردى لىپاپ تېشىغا ،
ئۇرۇمچىدىكى بالىسىنىڭ ،
خەنزۇچە ئۇزۇن ئادرېسىنى .
يالغۇز پوچتىخانا .
يالغۇز خەت .

9

پاختا بازىرى كوچىسىدا ،
مىسكەرچىلەرنىڭ تاراڭ - تۇرۇڭى ،

باشلىنىدۇ يەنە ھەر سەھەر .
رىۋايەتكە ئايلىنىپ بولغا .
ئۆچۈپ بارارمىش ،
نيۇ - يورك ، توكيوغا قەدەر .
يالغۇز دۇكان .
يالغۇز مۇزىكا……

## 10

مىليونىرنىڭ ھاشىدەك يانچۇقىغا ،
كىرىپ كېتەر پۇل بولۇپ ،
كىرىپ كېتەر بىر كاللەك قەشقەر……

## 11

بىرنەچچە ئىستۇدېنت
كۇتۇپخانىغا ماڭار سوكۇلداپ .
پۇلى يوق ھەي ، مۇنچىغا چۈشكۈدەك ،
بىراق ،
ئىسسىققىنە قىشلىق چاپاننىڭ
باھاسىغا
يېنىش - يېنىش قويدۇ قاراپ……
……
يالغۇز كۇتۇپخانا ،

يالغۇز قەشقەر ،
يالغۇز ئادەملەر ،
يالغۇز ماگىزىن ،
يالغۇز ئاشخانا ،
ئوڭدىمۇ چۇشەيدىكەن پۇل .
ئامېرىكىدىن كەلگەن بىر ئادەم ،
ئۆگىنەرمىش
بۇ قەشقەرە ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل......

## 12

قەشقەر ،
ئوتتۇرا ئاسىيا سودا بازىرىدا .
ئايلىنىپ كېتەر داڭلىق ماركىغا .
ئۆزبېكىستاندا ۋە لوندوندا ،
سېرىق چاچلىق ئىككى سەتەڭ قىز ،
بۇزۇپ سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا......

## 13

تاكسىچىلار بىلەن تالىشىپ يول ،
ئېشەك هارۋىلىق كىراكەش ،
كىرىۋالار ئاسفالىت يولغا .
پاساژىرلار بېكىتىدە ،

راست - يالغان دىۋانە باللار ،
تەلمۈرىدۇ جىق پارچە پۇلغا……
……
ئاپتوبوس ھەركۈنى ،
ئۈرۈمچىگە توشۇيدۇ ھارماي ،
تالاي - تالاي يالغۇز ئادەمنى .
ئۈرۈمچىدىكى ئەسلىي ،
بىر بىنادىكى قوشنىلارمۇ
تونۇمايمىش بىر - بىرىنى……
يالغۇز ئاپتوبۇس ،
يالغۇز قوشنىلار……

## 15

يالغۇز قەشقەر ،
ئالىقاندەكلا يەر شارىغا ،
ئىقىپ چۈشەر تامچە ياش بولۇپ ،
ئەلگەكچى كوچىسىدىكى ،
بىر دۇئاگۇي موماي كۆزىدىن .
يالغۇز موماي ،
يالغۇز كوچا ،
يالغۇز ئىشىك ،
يالغۇز ئىلتىجا .
……
تىترەپ - تىترەپ كېتىمەن بەزەن ،
يازمۇ سوغۇق ، قىشمۇ ھەم سوغۇق .

بىر ناخشىنى كېلەر بەك ئېيتقۇم ،
ئەپسۇس ،
ناخشام بوغۇق ، ئاۋازىم بوغۇق……



# گۈلۈم

ئاھ ، كۆزنىڭ سوغۇقىدەك ئۆتكەن ھاياتسەن ،
سەن ماڭا بەرمىدىڭ مەن ساڭا بەرھەم .
ھەر نېمە يەتسە گەر دىلىمغا شادلىق ،
بۇ كۆڭۈل سەن ئەمەس ، ئەمەس مەنمۇ ھەم .

ئاشۇ يول ، ئاشۇ كەچ ، ئاشۇ مۆڭدىشىش ،
نىھايەت نەمدەيدۇ كۆزلەرنى بىر پەس .
بىلەمسەن يۆتكىلىش ، رەسمىيەت ئۇچۇن ،
بولماسكەن ئالمىساق پۇقراچە نەپەس......

ئامراقمەن يەنىلا خەير ! دېيىشكە ،
ئامراقمەن خەير - خوش قىزىققان كۈنۈم !
شۇ كۈنلەر يەنە بىر كېلەرمۇ دەيمەن ،
كېلەتتى بىرلا سەن ئىشەنسەڭ گۈلۈم !......

# شېئىر ھەققىدە يېڭى رىۋايەت

كۆچەر يۇلتۇز، كۆچەر يۇلتۇزلار،
كۆچكەن كەبى دىللارغا ئەلەم.
بۇ تەڭرىنىڭ ئەتمىشلىرىدىن،
«ۋايجان!» دېمەك كېرەكمۇ بۇ دەم؟

ئاخشام كۆرگەن قەبىھ چۈشۈمدەك،
ئۇنتۇلمايدۇ ياشاش ۋە ئۆلۈم.
قىچارغاندەك سەھەردە قاغا،
بەلكىم شۇمسەن شېئىرسىرىغان كۈنۈم؟!



# لاتارىيە بىلىتى سېتىۋېلىش

دەرياغا ئايلانغان ئادەملەر تېنى ،
ئەڭ يۈكسەك نەپلەردە چايقىلىدۇ جىم .
شېئىر كەبى ساددىلا تىلىكىم بىلەن ،
لاتارىيە بىلىتىگە كىردىم سىغدىلىپ .

نە قىلسۇن قولۇمدا «رەھمەت» تىن باشقا ،
سانتانا ۋە ياكى بىر حالتا سوپۇن .
مەندەكلا ھەسەت قىپ قالدى شۇ كۈنى ،
ئېرىشسە بىر جىپقا قىرى تۈل خوتۇن .

ئاقاركەن نەپلەردىن نەپلەرگە ئادەم ،
بۇ ئاددىي ھەقىقەت ئۈشبۇ شەھەردە .
نىيەت ئۇ كىملەردە سانالدى خالىس ،
بىلمەيمىز يۈرەكلەر لاتارىيەدە !.....

# يېسىنىغا خەت

نەقەدەر سەمىمىي كۆز بىلەن باققان ،
يېنىڭدا چۆپ ئويناپ ئولتۇرغان ئوماق .
«سەكىنە ، سەكىنە مېنىڭ ئامرىقىم» ،
شۇمىدى سەن كۆيگەن ، ئۆرتەنگەن پىراق .

ئەي غەربىي قوۋۇقتىن توپارەك شەھەردىن ،
يازارمەن ئۆزۈڭدىن - ئۆزۈڭ بىر سالام !
قەلبىڭگە پاتمىغان سوغۇق ھاياتىڭ ،
ئۆلۈمگە مىڭ ئازلىق قىلىدۇ يىغام .

ئالدانماي ئۆتكەن ئۇ كىمكەن دۇنيادا ،
سەنچۇ ھەم ئالدانغان ، بىلمەيمەن ياق ، ياق .
شۇ ئاچچىق ئۆلۈمىڭدىن بەرگەنسەن دېرەك ،
دەپ سۆيگۇ غازاڭ ئۇ — بىر تال يوپۇرماق……

# ئۆزىتالمايمەن

تىلەيمەن ئەڭ نازۇك سىرلىرىم قەدەر ،
تىلەيمەن سۆيگۈڭنىڭ باتۇرلۇقىنى .
ماي ئېيى ،
چۇشكەندە چىپىلداپ يالغۇز شەھەرگە ،
يادلايمەن يامغۇرنى ، ئاشۇ يامغۇرنى……

تىلەيمەن ۋە لېكىن ئۆزىتالمايمەن ،
قاچ ئەي ، دەملەردىن ئۆكسۈگەن بېكەت !
نە سەۋەب تامچىلىدىڭ كۆزۈمدىن يەنە ،
قايرىلىپ يىراقلا كەت يىراققا كەت !……

نەدىسەن كۆزۈمدىن يېرىلغان دەريا ،
نەدىسەن ئاھ ، قىزىق ئوت كەتكەن ۋۇجۇد !
شائىرسەن ئېھتىمال بارچە شەيئىلەر ،
يىغلىما ، شېئىر ئەمەس ، قەلبىڭنى ئۇنۇت !

تىلەيمەن ۋە لېكىن ئۈزىتالمايمەن ،
يىراقلا سەھەردە تىمتاس پەرىشان……
كۆرمەيكىم مەيۈسلۈك ئەزگەن كۆزۈڭنى ،
جاراڭلاپ ئاۋازىڭ قالسۇنكى شۇئان……



# قىنىسەن شېئىر

ئەڭ نازۇك تۇيغۇسى بولغان بىپەرۋا ،
سەنمىدىڭ پەرىشان ئۆتكەن قۇت بېشىم .
شائىرلار هايات بولسا گەر شۇنچە ،
ئاھ ، شۇرمەل مۇزلاردەك ئاقسا گەر يېشىم .

سۆيۈشىنىڭ بىرىنچى تەمتىرىشىدەكلا ،
قالدىكىن نەلەردە قىزىق هاياجان ؟......
تىرىكلا مۇردىدەك قىلىپ قويغان سېنى ،
سەن يالغان ، مەن يالغان ، ھەممىسى يالغان !

ئاقارسەن ئىچىمدە شىۋىرغان - جۇدۇن ،
تىلىنغان يۈزۈمدەك بايقۇشسەن شېئىر !
بۇ قىستاڭ ئادەملەر ئىچىدە مەۋجۇدات ،
شېئىردەك بېرەلمەس چوغچىلىك مېھىر......

# بۆ يەر يىراق

قولۇم سوزۇپ تۇتالىغۇدەكلا ،
تۇرسۇن نەدە گۆدەكلەرچە ئاي ؟
بۇ ئاتۇشنىڭ ئېگىز ئاسمىنى ،
بەلكىم بۇندا غەملەر بىر تالاي .

شائىرى بولۇپ يازغۇدەك ئۇنى ،
بىرمۇ ئادەم چىقماس بەزىدە .
يىغلاتقاندەك ئانا بالىسىنى ،
ئوت تۇتاشماس يالغۇز كەپىدە .

بۇ يەر يىراق بەكمۇ كۆپ يەرگە ،
ئاسمانلىرى بەلكىم بىر تۇتاش .
كۆك ئاسمانىنىڭ ئۇ چېتىدىمۇ ،
چىقارمىشقۇ ئوخشاش بىر قۇياش……

# بىر قىتىم

(كافكاغا بېغىشلايمەن)

شۇنداق نازلىق بولغان ھاياتتا،
شۇنداق ئاچچىق ياش تۆكۈشمۇ ھەم.
سەن نەلەردە بولدۇڭ سەرگەردان،
سۆيگەن كەبى ھاياتنى بىغەم.

ھاياجاننى ئويغىتالماس ھېچ،
ئۆتكەن كۈنلەر، سوۋۇغان ھاۋا.
سامۇشادەك قوڭغۇز ئادەملەر،
يوقمۇ دەيسەن غەربىي قوۋۇقتا.

ھەسەت، ھەسرەت ۋە ئاچچىق كۈلكە،
كىشىلەر ئارا سۈرمەكتە دەۋران.
كوچىسىدا بۇ يەرلەدىمۇ،
قوڭغۇز ئادەم تاپمىغاچ نىشان؟.

جىمغۇرلۇقۇڭ ، يالغۇزلۇقۇڭ ھەم ،
سۈرگۈن قىلدى سېنى نەلەرگە؟
ناكەسمىكىن دېسە دۇنيانى ،
بەزەن ئوخشاپ قالار ئەرلەرگە......



# قەلبىم سىرتىدا

پورەكلىسە گۈللەردە سەھەر ،
شەپنىمىمۇ سىرغىغان نالەم .
چاچلىرىڭنى قايرىپ ئەسەبىي ،
سۆيسەم…… قېنى مېنىڭ زىلالەم ؟

يىراقلايسەن كۆزۈمدىن تىمتاس ،
نېچۈن مەيۈس قارايسەن هايات ؟ !
قىزغىن دەمگە ئۆلۈكسەن تۇرمۇش ،
شېئىرىممۇ سەن ئاھ ، سۇنغان قانات ؟……

قويغىنە بۇ ياشاش ۋە ئۆلۈم ،
چۈشەر ئېقىپ كۆزدىن تامچىلاپ .
قەلبىمىزنىڭ سىرتىدا ۋاقىت ،
ساقلار بىزنى يەنە قانچىلاپ ؟ ! .

تىتىل شېئىر ، پەرىشان تېنىم ،
قۇچاقلىشاي بوغۇق ئۈنۈڭدە .

يوقال ، يوقال مەزلۇم ياشلىقىم ،
تۇغۇلمايكى سىنىڭ كۈنۈڭدە……



# بىر قىز چىقار چەكسىز ئىشىكتىن

بىر قىز چىقار چەكسىز ئىشىكتىن ،
كۈلۈمسىرەپ ۋە يىغلامسىراپ……
كېچە قوينىدىن ،
ئاستاغىنە سۇغۇرۇلۇپ ھىلال ئاي ،
سۆيمەك بولار ئۇنى باغاشلاپ .

بىر قىز چىقار چەكسىز ئىشىكتىن ،
ئۇ باراركىن قاياققا - نەگە ؟
ئۆيلىنغاندۇ سۆگەت تۇۋىدە ،
يىگىتى ساقلاپ تۇرسا ئەگەردە……

بىر قىز چىقار چەكسىز ئىشىكتىن ،
ئېلىپ چىققان ئۇنى ھاياجان .
بىر قىز چىقار چەكسىز ئىشىكتىن ،
بىراق ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغان……

بىر قىز چىقار چەكسىز ئىشىكتىن ،
هايات ئاڭا يوٴرەر ئەگىشىپ……
ئانىسى ئوٴخلار ،
قىزنىڭ تويلوٴق زىرىسىنى چوٴشەپ ،
ئەمما قىزغا ،
سىرىق ئىتى چىققان ئەگىشىپ……
……
بىر قىز چىقار چەكسىز ئىشىكتىن ،
……



# بىر خارابە ئىشىك تۇۋىگە

بىر خارابە ئىشىك تۇۋىگە ،
كىمدۇر كېلەر ھارغىن قەدەمدە .
ئۇ تاملارغا ئەمەس بەلكى ، تام—
بېقىنۋاتقاندەك ئاڭا ئەلەمدە .

پەرىشانلىق جىملىقنى ئاڭا ،
ئۆگەتكىنى قىشمۇ ، دېرىزە ؟
ئادەملەرنىڭ ئاچچىق قىسمىتى ،
ئۆكۈندۈرگەن بولسا گەر شۇنچە .

بىر خارابە ئىشىك تۇۋىگە ،
يېقىنلايدۇ ھالسىزلا ئارمان .
بىرنەچچىلا قەدەم ئارىسىدا ،
سۆيگۈ ئۇچار بولۇپ شىۋىرغان......

# شېئىر يېزىشتىكى مەقسەت

بەزەن جىملا تۇرۇپ قالىمەن ،
بۇ ھايتىنىڭ قەدرى كەتكەندەك .
كەل ئەي مېنىڭ ئەدەبىياتىم ،
مەن بىلەن سەن يالغۇز تىكەندەك .

پىچىرلىشى قىزلارنىڭ ھەتتەڭ ،
توي مەخپىيتى ، سىلىقىمۇ يا ؟
مۇھەممەتجان سەيدۇللا بىلەن ،
قارىشىمىز ھەي ئىسىت دەپلا......

بەك ئۇزاق يىل ئۆتمىدى جەزمەن ،
سوغ رېئاللىق بىزنى ئالدىغان .
بېشىم يوق بوپ چۇشەيمەن بەزەن ،
چېپىۋەتكەندەك سادىر پالۋان......

# سەن بىلمەيتتىڭ مېنىڭ تىلىمنى

بەك ئۈزۈنلا ۋە بەك سەممىي ،
يازغاندۇر مەن ساڭا سالام خەت .
ۋاي بولدىلا قىزلارنىڭ كۆڭلى ،
چۈشىنىشكە ئەرزىمەس بىر رەت !

قىزغىن دەملەر ، غەمسىز ھاياجان ،
نېچۈن ئەمدى بولدۇڭ پەرىشان ؟
چۈشەنگەندە بەلكىم سۆيگۈنى ،
قىزغىنىشى قالماس ھېچقاچان .

سەن بىلمەيتتىڭ مېنىڭ تىلىمنى ،
مەغرۇرلۇقۇم بولسا ئۇ ئەگەر .
نېچۈن قاچقۇم كېلەر جالاقلاپ ،
دەھشەت تەۋرەپ كەتكەن كەبى يەر .

قىزغىن دەملەر ، غەمسىز ھاياجان ،
نەلەردىكىن ئۇماقلا دۇنيا !

ۋارقىرايمەن قېنى سەن ئەركىم ؟
مەنمۇ ئادەم ساڭا ئوخشاشلا......



## ساڭا دەپ بېرەي

ئۆتكەنكى كۈنلەرنىڭ خۇشلۇق ، ئەلىمى ،
ئۇ پەقەت بوپ قالدى ئۇنتۇلۇش ئۇچۇن .
بىرنەچچە ئېغىزلا ئۆي ، پۇلنىڭ غېمى ،
ئەڭ بۈيۈك تەشۋىشلەر بوپ قالار نېچۇن ؟ !

بىلەرسەن بۇ ياشاش ئەمەستى ئۇنداق ،
بىلەرسەن ھەشەمەت ، مودا ھەققىدە .
سەن مېنىڭ بولساڭلا كۆر بۇ ھاياتنىڭ ،
نېمە دەي قىلغان ۋە ئەتكەنلىرىگە .

بىرمۇنچە ھىيلە ۋە مىكىردىن خالى ،
ئەمەسسەن بۇرۇنقى كۈنلەردىن يانغان .
بىلەمسەن ھېلىقى يانۋار ئاخشىمى ،
بىز ئەجەب قانمىغان ، بىر دەپ يارالغان .

نېمە بۇ تالاي غەم ياشاش ھەسرىتى ،
نېمە بۇ شائىرلار يۈرىكى شۇنچە .

بۇ سوغۇق ياتاقتىن چىقار سۈرۈلۈپ ،
قىزلاردەك بىئاپا يالىڭاچ كېچە......



# سەن بەربىر چۈشىنەلمەيسەن

سەن بەربىر چۈشىنەلمەيسەن ،
چۈشىنىشنى خالىمايسەن ھەم .
بۇ دۇنيانىڭ ھەربىر يېرىدە ،
ئازاب قالماس توختاپمۇ بىردەم .

سەن بەربىر چۈشىنەلمەيسەن ،
شۇنىڭ ئۈچۈن سۆيىمىز ھاياتنى .
شۇنىڭ ئۈچۈن سۆيمەيمىز ئەمما ،
يامغۇر كەبى ئاققان كۆز ياشنى .

سەن بەربىر چۈشىنەلمەيسەن ،
تەشۋىش ياغار يۇزۇڭدىن مىڭ - مىڭ .
تۇرسا ئادەم گۇناھ مېۋىسى ،
ئەپسۇس سېنىڭ شۇنى بىلگىنىڭ......

سەن بەربىر چۈشىنەلمەيسەن ،
سۆيگۈ نېمە ۋىڭ - ۋىڭ شىۋىرغان .

مەن يىغلايمەن نېچۈن سەن ئۈچۈن ! ؟
بەلكىم سېنى چۈشىنىپ قالغان .



# غەم يەتمەستىن بۇرۇن ئىككىمىز

غەم يەتمەستىن بۇرۇن ئىككىمىز ،
گۇلگۇن دەملەر قىزىغان ۋۇجۇد .
شاد ھاياجان ئاھ ، مامكاپ گۇلى ،
قىنى چۆپلەر ئارا شاد قۇرت .

غەم يەتمەستىن بۇرۇن ئىككىمىز ،
نىمە تۇرمۇش ، تۇگىمەس دەرد - ئەلەم ؟
بىز بىلمەيتتۇق نىچۇن ئۇلارنى ،
نىچۇن ئەمدى ئەمەس بىز بەردەم ؟

غەم يەتمەستىن بۇرۇن ئىككىمىز ،
بىز بىلمەيتتۇق نىمە ئۇ ھىيلە ؟
نىچۇن ئەمدى سوۋۇپ - سولىشىپ ،
يىقىنلايمىز ياتنىڭ قەلبىگە .

غەم يەتمەستىن بۇرۇن ئىككىمىز ،
ھايات ئۆتكەن شۇنداق قەدىردان .

نېچۇن ئەمدى تالاي ۋەھىمە
ئىچرە كۆيۈپ سىرقىرايدۇ جان؟



# هايات نېمە ئەگەر ئۇ بىلسەڭ

هايات نېمە ئەگەر ئۇ بىلسەڭ ،
بىر موماينىڭ سوغدا تىترىشى .
ئۇ كۈلكىمۇ ۋە ياكى يىغا ،
يالماۋۇزمۇ ئېتىلغان ۋەھشى .

هايات نېمە ئەگەر ئۇ بىلسەڭ ،
سايىسىمۇ جەننەت قىلىچىنىڭ ؟
تېخى ئاخشام مۇھەببەت ئۈچۈن ،
ئىسسىق قېنى ئاقتى بىرسىنىڭ .

هايات نېمە ئەگەر ئۇ بىلسەڭ ،
جىم تۇرۇشى ئەمەس تاغلارنىڭ .
رەڭگى ئۆچەر يەنە قانچىلاپ ،
قىش كىرمەكتە يېشىل باغلارنىڭ .

ھايات نېمە ئەگەر ئۇ بىلسەڭ ،
ئاقار يۇلتۇز پەسكە شۇڭغۇغان .
كۆر نى - نى ئارسلانلارنىڭ ،
تىلەكلىرى چۆللەردە قالغان……



# يىغلىيالمىدىم نېچۈن بۇقۇلداپ

يىغلىيالمىدىم نېچۈن بۇقۇلداپ ،
نېچۈن كۆزۈم سوغۇق مەنسىز .
كېتىدىغاندەك بىھۇدە يوقاپ ،
ئىشىك بەزەن قېقىلار ئەنسىز .

تىنىپ كەتكەن قۇدۇقمۇ قەلبىم ،
سىغدۇرالماس بىر تامچە ياشمۇ .
يىغلاپ چۈشكەنىدىم دۇنياغا ،
يىغا شۇمۇ ، ئەركىلىك شۇمۇ .

يىغلىيالمىدىم نېچۈن بۇقۇلداپ ،
قېنى مېنىڭ يىغلاش ھوقۇقۇم ؟
نېچۈن ئەمدى يوپۇرماق كەبى
تىترەيدىكىن بۇ ئورۇق تۇرقۇم .

سوغۇق كىرەر سۇنۇق ئەينەكتىن ،
تاملار ئۆرلەپ بارار ساماغا .

قەبرىستاندا كىمدۇر يىغلىغان ،
ئېزىلىپ - ئېزىلىپ ئۆكسۈپ خۇداغا......



## ئايلانما

ئەمدى قايان بولاركىن بېشىم ،
ئەمدى نېمە ئۆتىدۇ جانىدىن .
ئەي سارغايغان يېشىل ياپراقلار ،
ئەي شامالالار ئۇرسەن ياندىن .

تويۇم بولدى ، بولدى ئۇمىقىم ،
ئۇمىد ، قايغۇ ، چىرايلىق ئايال .
ئەمدى نېمە تۇگىمەس ئەلەم ،
ئەمدى ئەمەس تۇرمۇش بىمالال .

كۆز ئاچىدۇ بىر بوۋاق تېخى ،
يىغلاپ تۇرۇپ يېڭى دۇنياغا .
هايات ، ئۆلۈم ، مۇهەببەت دېگەن ،
ئايلىنىدۇ يەنە گۇناهقا .

# ئۇ ئەمدى چۇشەندى

ئۇ ئەمدى چۇشەندى ھاياتتا نېمە،
ئۆچمەسكەن ئەبەدىي ئۆتەر يادلىنىپ.
ئۇ ئەمدى چۇشەندى ھاياتتا نېمە،
يۇرەركەن ئەبەدىي پارلاپ شادلىنىپ.

ئۇ ئەمدى چۇشەندى ھاياتقا نېمە،
قەلبىگە بەرمىدى زەررىچە شادلىق.
ئۇ ئەمدى چۇشەندى ھاياتتا نېمە،
ئەمەسكەن سۆيگۇمۇ ئۇنچىلىك تاتلىق.

ئۇ ئەمدى چۇشەندى ھاياتتا نېمە،
قەدىرلىك تەنلەرنى قىلدى قەدىرسىز.
ئۇ ئەمدى چۇشەندى ھاياتتا نېمە،
مۇھەببەت بولماسكەن ئەسلا سەۋرسىز......

# باھار يىغىسى

شۇنداقلا بىر يۈرەك ، شۇنداقلا بىر كۈي ،
ئۇ ئەمەس ئاۋۋالقى شادىمانلىق ھەم .
بىز پەقەت سوغۇقلا كۆرۈشتۇق شۇ چاغ ،
قول سىقىشىپ پەرىشان تىكىلىپ بىردەم .

قېنى شۇ باھارنىڭ قارلىغىچى قېنى ،
ئۇ سۆزۈك تاڭلارغا ئۆتكەن ۋىچىرلاپ .
ئاھ يېشىل بۇغدايلىق ، سېرىق مامكاپلار ،
قىرلاردا سەن نېچۈن تۈرسەن يىغلاپ !



# سەن يىغلىغان ھېلىقى كۈنى

سۆيگۈ نېمە تاشلاردەك جىمجىت ،
تۇرار بولدۇم سوغۇق خىيالچان .
سەن يىغلىغان ھېلىقى كۈنى ،
بوران ھۇۋلار ۋە ئېگىز ئاسمان .

ھېچنېمىگە يەتمەيدۇ كۈچۈم ،
ئادەم ، ھوقۇق ۋە ئالەم ئارا .
يىغلاپ باقاي دېدىم مەنمۇ ھەم ،
سوۋۇپ كەتكەن يۈرىكىم گويا .

سەن يىغلىغان ھېلىقى كۈنى ،
كەچۈر سۆيگەن بولسام خەير ، دەي !
سۆيگەنلىكى ئۈچۈن ھەر ئادەم ،
ئۆكۈنمىسۇن سۆيۈپ چۈشەنمەي .

# هايات سېنى ئۆكسۈپ تۇرۇپ سۆيەتتىم

هايات سېنى ئۆكسۈپ تۇرۇپ سۆيەتتىم ،
هايات سېنىڭ ئاھ ، كۆزلىرىڭ ئۇ نېمە؟
دەھشەت چاقماق چېقىلىپ ئۆتكەن ئۇ كۈنى ،
سۆيۈش نېمە ، ئاھ ، چاقماقتەك ئەسلىمە .

سەن ھەممىنى بېرەلەيتتىڭ ھەتتاكى ،
سەن گۈل بولدۇڭ ئەمدى كەچتە ئېچىلغان .
كۆزى مۆل - مۆل بىر ئاشىق بار يىراقتا ،
خەپ دەر ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان .

هايات سېنى ئۆكسۈپ تۇرۇپ سۆيەتتىم ،
قات - قېتىمدىن بۆسۈلمەكتە بۇ ئەلەم .
بەك يىراقتا ، بەكمۇ -بەكمۇ يىراقتا ،
ئاشۇ چاغلار ، مۇھەببەت ئوت ، هايات ھەم......

# ئېلىشمەن رېئاللىق بىلەن

ئېلىشمەن رېئاللىق بىلەن ،
ئۇ ئەجدىھا بولسۇن ياكى ئىت .
مەيلى بولسۇن ھېيلىگەر سەتەڭ ،
ئېلىشقۇم بار ئۇنىڭدىن سىرت .

ئۇ ئېپ كەلدى ئاجىزغا نېمە ،
كۆز ياش ، ئازاب ، مەيۇسلۇك ئاخىر .
ئۇ يىغلاتتى مەزلۇم دىللارنى ،
قېنى جەسۇر ئەرلىك خاراكتېر ؟

تۇرمۇش — كۈرەش ، كۈرەش — مۇھەببەت ،
كۈكۈم - تالقان بولغىن يا بولما .
قەھرىڭ بىلەن سۆيگىن ھاياتنى ،
ئۆلۈمىڭ بىلەن كۈيلىگىن ، سولما......

## كەچمە ئېسىمدىن

بۇ باھار ، سەن ئەمدى كەچمە ئېسىمدىن ،
ئۇ مېنىڭ قىزىققان چاغلىرىم بولۇپ .
مەن سەھرا يولىدا كېلىمەن تەمكىن ،
بىخ سۈرگەن مايسىلار سىردىشىم بولۇپ .

ۋادەرىخ ، پىلىلداپ ئۆچەركەن چوغمۇ ،
ۋادەرىخ ، ساراڭدەك سۆيۈشلەرمۇ ھەم .
كۈن ئاستا قىيسار توپ تېرەكلىككە ،
پادىلار چاڭ ئىچرە كەتكىلى نېكەم .

بۇ مەن خىيالچان باققىنىم باققان ،
بۇ مەن ئاستىلا سىرغىغان شەبنەم .
بۇ مەن باھارغا قانماي ، يۇلقۇنۇپ ،
تارتقىلى مىڭ باھار ئۆچۈن دەرد ـ ئەلەم .

بۇ باھار سەن ئەمدى كەچمە ئېسىمدىن ،
بۇغدىيىم ، تېرىكىم ، جىگدىلىرىم ھەم .

سايرىساڭ قۇشلىرىم ياشلىنار كۆزۈم ،
مەن كەچكى شەپەقنى ئۇزاتقان ئۇدەم······



# كۆنۈپ كەتكەندىن كېيىن

كۆنۈپ كەتكەندىن كېيىن ،
كۈن ، ئاي ھەر كۈنى ئوخشاش .
ئوخشاش بىرلا ئۇ ،
گەپ - سۆزى ئوخشاش .

پىۋا ئىچكەن شائىر ،
سۆزلەپ - سۆزلەپ بولۇپ قالار جىم .
سۇ ئىقىۋاتامدۇ ؟
مۇز قېتىۋاتامدۇ ؟
ھەممىسى ئوخشاش .

يۇلقۇن ، تىپىرلا ،
ئۇچە ۋارقىراپ ،
قالما تېگىرقاپ .
دەپ......
شېئىر ئوقۇسىمۇ
بەرىبىر ئوخشاش .

قېنى ساپ تۇيغۇ ؟
قېنى ئۇرۇنۇش ؟
دېڭىز دولقۇنى گۈزەل نېمىشقا ؟
ھەيران قالىمەن .
مۇشۇنداق ياشاشقا ،
كىتاب يالغۇزسىراپ ،
ھېكمەت قانسىراپ .
ئۆلگەن جانسىراپ......

ئەمدى مەن سۆيەلمەي ،
چاراسلاپ كۆيەلمەي ،
ئاي دەپ بەرگەن گەپلەرنى ،
ھېچ كىشىگە دېيەلمەي .
ياق ، بۇ مەن ئەمەس ،
ياق ، ياق ، ئۇ سەن ئەمەس......



# ياق ، ئۇ ياپراقلار سولمايتتى ئەسلى

ياق ، ئۇ ياپراقلار سولمايتتى ئەسلى ،
ياق ، مەن يىغلىسام ئاسمان يىغلىغان .
نىھايەت ئۇ چاغلار كەتتى كەلمەسكە ،
قارىما ئارقاڭغا مۇڭلۇق ، پەرىشان .

ياق ، ياق ، ئۇ ئەنۋەر ئەمدى ئۆكۈنمەس ،
ئۇ كىرەر ۋە لېكىن شۇ سوغۇق ئۆيگە .
ئۇ سەتەڭ نازىنىن قىزلار بېقىشى ،
جور بولغاي قانداقمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىگە .

ياق دەپ تولۇغۇم كېلەر جىمغىنە ،
بارچە ئەندىشىلەر پەقەت بىر دەملىك .
ئۇ كەتتى ، ئۇ كەتتى ، ئۇ كەتتى يىراق ،
بىر تامچە ياش سىرغىپ تۆكۈلگەنچىلىك .

ياق ، ئۇ ياپراقلار سولمايتتى ئەسلىي ،
ياق ، ئۇ شاد كۆلكە بولمايتتى يىغا .
مەن كېچە قوينىغا كىردىم ئاۋايلاپ ،
يوشۇرۇن كۆز يېشى ئەمەستۇر گۇناھ……



# مەن كەتتىم

مەن كەتتىم باش ئېلىپ ، كۆزگە ياش ئېلىپ ،
مەن كەتتىم خەير ئەمدى ھەممە قەدىردان .
مەن كەتتىم شۇ يالغۇز ئۇچقان قۇش كەبى ،
ئاھ ، كېتەر ھەممىسى توزۇيدۇ ھامان .

مەن كەتتىم باش ئېلىپ ، كۆزگە ياش ئېلىپ ،
مەن كەبى دالادا كىشنەيدۇ ئېتىم .
مەن دەھشەت چاقنايمەن نەپرەتلىرىمدە ،
بەختتە بىر قېتىم ، سەندە مىڭ قېتىم .



# خىرە - شىرە

بىز ئاستا كېتىۋاتىمىز
شەرقتىن غەربكە قاراپ .
قۇياش چۈۋۈلار ئاشىق نەپەستە ،
ئەسلىي ئۆلۈم ۋۇجۇدقا تاراپ .

كېتىۋاتىمىز ئالدىمىزغىلا ،
ئارقىمىزدا لىققىدە ياش .

ئاي چېچىلىپ كۆكتىن پەلەككە ،
كىرىپ كەتمەك بولار كۆزلەرگە .

نەگە بارىمىز ، دېدى بىر بالا ،
نەگە بارىمىز ، دېدى تاغ -دالا
نەگە بارىمىز ، يول ئوچۇق ئەمما ،
هالسىزلاندى ئات - ئېشەك ، كالا .

بىز ئاستا كېتىۋاتىمىز ،
ئاستا سۆرەپ ئۆلۈم ئېتىنى .
چىڭ تۇرمۇش ، چىڭ ئازاب ،
چىڭ كەتمەن ، چىڭ ئاچچىق ،
يېرىپ ئۆتەر يەرنىڭ قېتىنى ،

بىزنىڭ سايىمىز ،
ئاستا ئۈزار ئاينىڭ يورۇقىدا .
ئاي كۆرۈنەر بىرە - بىرە ،
ئادەملەر خىرە - شىرە .



# مەن سىنى سېغىندىم ئەجەپ سېغىندىم

(مەرھۇم ئانام قۇربانخان غازىغا مەكتۇپ)

ئانام يوق مەن ئېسىلىپ يىغلىغۇدەك دېسەم ،
يۈزىنى ، رومىلىنى ھىدلىغۇدەك دېسەم .
مىڭ بولۇپ ئاقارمەن بىردىن تۆكۈلسەم ،
مەن سىنى سېغىندىم ، ئەجەب سېغىندىم .

بۇ باھار ئانىسىز ماڭا نە ھاجەت ؟
بۇ تۇرمۇش ئانىسىز ماڭا مالامەت .
مەن سۆيگەن نەرسىلەر ماڭا قىيامەت ،
مەن سىنى سېغىندىم ، ئەجەب سېغىندىم .

تارىشىدەك قاتقان شۇ قوللىرىڭنى بەر ،
تۇغۇلدۇم مېھرىڭدىن ، بويلىرىڭنى بەر .
ئاھ ، ماڭا دېمىگەن ئويلىرىڭنى بەر ،
مەن سىنى سېغىندىم ، ئەجەب سېغىندىم .

يوق ئەمدى ئۇچاق بېشىدا ساقلىغان ئىشىڭ ،
يوق ئەمدى كەتتى ئاھ ، مېنى سېغىنىشىڭ .
يوق ئەمدى خىلۋەتتە تۆككەن شۇ يېشىڭ ،
مەن سېنى سېغىندىم ، ئەجەب سېغىندىم ،

قويلىرىڭ مەرىشەر ئەنە ئېغىلدا ،
توخۇلىرىڭ دۇگدىيىشەر ئەنە قونداقتا .
كۆرۈنەر ھەرنېمە سەن بار سىياقتا ،
مەن سېنى سېغىندىم ، ئەجەب سېغىندىم .

سەن يوق بۇ تۇرمۇش ھار كەلدى ئانا ،
سەن يوق خۇشلۇقۇم خار كەلدى ئانا .
سەن يوق بۇ ئۆيۈم تار كەلدى ئانا ،
مەن سېنى سېغىندىم ، ئەجەپ سېغىندىم .

ئەنۋەر ، دەپ يولۇمغا قارايتتىڭ تىنماي ،
ئەنۋەر ، دەپ تۇخۇمنى يىغاتتىڭ هارماي .
ئەنۋەر ، دەپ سەن كېسەل بولمايتتىڭ چانماي ،
مەن سېنى سېغىندىم ، ئەجەب سېغىندىم .

بۇ كۈنلەر توختىماي تۆكۈلەر مېشىم ،
يوق سەنسىز دۇنيادا يېقىن سىردىشىم .
خەير ، ئانا ، غەمخانىم ئاھ ، جان دىلكىشىم ،
مەن سېنى سېغىندىم ، ئەجەب سېغىندىم .

# مېنىڭ باھارىم

بۇ ئاسمانغا قارىسام ھامان ،
بىر يېشىمدا تولغىنار مىڭ جان .
چېچەكلىگەن ئۆرۈكلەر يالغان ،
مېنىڭ باھارىم ، مېنىڭ باھارىم .

جىگدىلىرىم مۇڭلۇق نېمانچە ،
سۆيگەنلىرىم توزۇغان غۇنچە .
مەشرەپ ئۆتەر ئاھ ، يىغلىغانچە ،
مېنىڭ باھارىم ، مېنىڭ باھارىم .

دادام چاپار كەتمەننى كۆچەپ ،
بىز ياشايمىز ،
چىڭ يۆتىلىپ ، قاتتىق تىرەجەپ .
جاڭگاللىقىم مۇڭلىنىسەن ئەجەب ،
مېنىڭ باھارىم ، مېنىڭ باھارىم .

مەم ئۈزايمەن كۆزۈمنى ياشلاپ ،
بۇ هاياتنى يەنە هاپاشلاپ .
دادام قالار قىرنى تاراشلاپ ،
مېنىڭ باهارىم ، مېنىڭ باهارىم .



# گۇناھنىڭ داۋامى

ئۇ ، گۇناھنى سۆيدى باغاشلاپ ،
تۆت تېمىدا تۆت مىڭ بىر توساق .
سۆيگەنلىرى ، چۈشەنگەنلىرى ،
نەشتەر بولۇپ سانجىلار ھەر ۋاق .

ئەنە ئادەم ئاتا گۇناھتىن ،
ئەنە ھەۋۋا ئانا گۇناھتىن .
مىليون يىللىق رەنجى ، پۇشايمان ،
قالدى مىراس شېرىن ئازابتىن .

مەۋجۇت بولۇش ، ئاھ ، مەۋجۇت بولۇش !
ۋە يوقىنى يۇدۇش ھاياتنىڭ .
باشلانمىسى ھەمدە ئاخىرى ،
ھەممە نەرسە شانلىق گۇناھنىڭ......

# كېچەلىرىم مەشرەپ سىنىڭدەك

كېچەلىرىم مەشرەپ سىنىڭدەك ،
كېچەلىرىم جاندىن ، جاھاندىن .
دار ھەم يىراق ئىسسىلاي دېسەم ،
ھەسرەت كۆكلىدى بىر پارچە ناندىن .

ئۆلۈم كەلمەس ئۆلۈمتۈكلەرگە ،
ئاڭلىغانسەن كىمنىڭ ئۈنىنى ؟
مەشرەپ ئاھىم كۆكلەرگە يەتتى ،
مەن ئىچەلمەي يوقلۇق قېنىنى .

مەشرەپ !...... مەشرەپ ! !...... بىر ئەرسەن مەشرەپ ،
چىقتىڭ سەكرەپ سوغۇق ھاياتتىن .
مەن شەھەرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ،
شاراپ ئىچتىم يىغلىغان ياشتىن......

مەشرەپ...... مەشرەپ...... بۇقىسەن مەشرەپ ،
سەن دارلارنى مازاق قىلغۇچى .

ئەنە تاكسى كەتتى قەبرىگە ،
كۆزنى غەلەت قىلماقتا ئىسى......



# بىر ئەر

ئالدى قولغا قامچىسىنى ئۇ ،
مىندى ئاتقا ، مىندى غەزەپكە .
ئاچچىقلانماس بوپ كەتكەنتى ئۇ ،
كۆنۈۋېرىپ ھەممە نەرسىگە .
مەن ئەر ! ! !
مەن ئەر ! ! !
تېرىسىگە پاتماي بۇقىدەك ،
ۋارقىرىدى شەھەرگە قاراپ .
ئورخۇن بويىغا كەتتى ، ئۇچتى ،
ئەر يېنىدىن پىچاقسىز غىلاپ .
ئاۋازىدىن تىترىدى بىنا ،
ئاۋازىدىن ئەرلەر دۇنياسى ،
غىتمەكلەرگە دەھشەت ئوت چاچار……

ئات ئېغىلىدىن ، قىران چېغىدىن ،
بىنا تېمىدىن ، كىر دېسىدىن ،
قاپلان ئىنىدىن ، بوتكا ئىچىدىن ،

سەكرەپ چىقتى ئەنە ياۋۇز ئەر .

......

ئۇ تىتماقچى مەينەت روھىنى ،
ئۇ چىقماقچى چوققىغا مەغرۇر .
ئۇ ئۇچماقچى قارا بۇركۈتتەك ،
ئاھ ، ئۇنىڭدا بىر كەسكىن غۇرۇر .

ئۇ كەتمەكچى ئارىسالدىلىقتىن ،
ئۇ...... بىر ئەر ، بولماقچى ئەمدى .
ئۇ ھاياتنىڭ دۇمباللىرىدا ،
ئوت ـ لاۋا بوپ ياناقچى ئەمدى......

......

بىر ئەر ،
بىر ۋەتەن ،
ھەيدىمەكتە ئالۋۇن چۇشىنى......



# ئۆزۈمنىڭ قەبرىسى بۇ
# شېئىر بەلكىم

ئۆزۈمنىڭ قەبرىسى بۇ شېئىر بەلكىم ،
كۆمۈلگەن ئۇنىڭغا رەڭسىز جىنايەت .
ئۇ شېرىن چېغىدا ئۇخلىتىپ مېنى ،
مېنىلا ئۆلتۈرمەك بولار تائەبەد .

يېزىلار ئۇنىڭدا سۆيگۈ ۋە ئۆلۈم ،
يېزىلار كۆك ئاسمان ، مۇڭلۇق باغ - ۋاران .
ئۇ يىغلار بۇ مېنىڭ غېرىب ھالىمغا ،
يىغلار ھەم قوشۇلۇپ بۇ تەكلىماكان !

ئۇ كۈيلەر قۇشلارنىڭ پەرۋازلىرىنى ،
ئۇ كۈيلەر ھەققە نەق ئۆتكەن ھاياتنى .
بىر شائىر كۆمۈلەر ئۇنىڭ ئىچىگە ،
ئۇمۇ ھەم سۆيگەچكە پارلاق ماماتنى......

# قىز بولغىن مەن جاننى
# بېرىپ سۆيگۈدەك

قىز بولغىن مەن جاننى بېرىپ سۆيگۈدەك ،
قىز بولغىن ئىپپىتىڭ ئېرىتسۇن جاننى .
قىز بولغىن بۇ دالا سۆيۈنسۇن سەندىن ،
قىز بولغىن ساقايتقىن كۆڭۈل يارامنى .

ھەر نەرسە مالامەت بۇگۈن بىزلەرگە ،
ھەربىر كۆز مۆلۈلدەپ تۇرار ئەلەمدە .
بىر ئەرنىڭ ئەر بولۇپ ياشىمىقى تەس ،
مەيلى ئۇ ئۇرۇمچى ، قەشقەر ، خوتەندە .

قىز بولغىن ، ئەر بولسۇن ئارسلان كەبى ،
سەن ئۆچۈن ياۋلارنى قىلغۇدەك ۋەيران .
قىز بولغىن مەن جاننى بېرىپ سۆيگۈدەك ،
قىز بولغىن پاك سۆيگۈ قەسرىنى ئاچقان .

قىز بولغىن بۇ مۇدھىش چۈشلەر يوقالسۇن ،
يوقالسۇن ئىپلاسلىق ، مەينەت مۇھەببەت .
قىز بولغىن بىز دەھشەت بولايلى چاقماق ،
يوقالسۇن خىيانەت ، بۇزۇلغان ئىپپەت .



# ئۇنسىز نىدا

سەن يىغلىما بولدى تارام ياش تۆكۈپ ،
سەن ئۆكۈنمە ، بۇ بىۋاپا دۇنيادۇر .
سۆيگەنلىرىڭ ، كۆڭگەنلىرىڭ يىراقتا ،
بەلكىم ، ھەممە قۇرۇغان بىر تال گىياھتۇر

ئەنە بىر تال غازاڭ لەيلەپ چۈشمەكتە ،
ئەنە تەقدىر ئايان بولار بىردىنلا .
ئەنە ئىراق ، پەلەستىنندە ئوتتۇز ئەر ،
ئەنە دەھشەت ئوت چاچىدۇ تۇرمۇشقا .

ارقىرايسەن ئۇنۇڭ ياڭرار جىممىدە ،
ەزەپلىرىڭ تېشەر تامنى ، دۇنيانى .
ئەنە بىر توپ گاڭگىرىغان ئەر - ئايال ،
ئىشرەت قىلار ئۇنتۇپ ئىمان ، ھايانى .

سەن يىغلىما بولدى تارام ياش تۆكۈپ ،
سەن يىغلىما ، تۇگەر دۇنيا ، تۇگەر بەس .

كۆزلىرىڭنى تىك يىراققا ، تاغلارغا ،
ھەسرەتلىرىڭ ياش تۆكۈشكە ئەرزىمەس .



# سىم - سىم يامغۇر ياغقان
# ئاشۇ كېچىدە

سىم - سىم يامغۇر ياغقان ئاشۇ كېچىدە ،
دۆڭكۆۋرۈكنى مەن ئايلاندىم نەچچە رەت .
بۇ بېشىمغا دەسسەپ ئۆتەر مىڭ ئادەم ،
بۇ بېشىمدىن پۈتەر رومان ئون مىڭ بەت .

ئېگىز - ئېگىز بىنالاردا گاز لامپا ،
ئادەم ئىزدەپ كىرىپ كېتەر بىر ئادەم .
پىۋا ، زىنا ، مەست ئەر يەنە گۈلزىبا ،
ئەخلاق تۇتار ئاھ ، بۇلارغا مىڭ ماتەم .

سىم - سىم يامغۇر ياغقان ئاشۇ كېچىدە ،
مەن بىر ئىدىم ، يۈز مىڭ بولۇپ چېچىلدىم .
سۆيگۈ ، ئۆلۈم ، مەۋجۇتلۇقنىڭ دارىغا ،
ئون مىڭ ئىدىم ، ئەمدى بىر بولۇپ ئېسىلدىم .

سىم - سىم يامغۇر ياغقان ئاشۇ كېچىدە ،
يېتىمسىرار ۋىجدان ، هايا ، مۇھەببەت .
مەن كۆز يېشى قىلماسلىققا تىرىشىپ ،
قۇچاقلىدىم ئۆز - ئۆزۈمنى بىر نۆۋەت......



# «سورىما مەن نېچۈن غەمكىن ، بىناۋا…… »

(بايرون ئىزىدىن )

«سورىما مەن نېچۈن غەمكىن ، بىناۋا…… »
سورىما گۈزەللەر دۇنيا ھەققىدە .
مەن نەدە ھەق نەدە بۇ بىشىم گاراڭ ،
تاپقىنىم ئەخلەتتۇر پەقەت بىر دۆۋە .

سورىما ، ئەنە ئۇ ئاخىرقى شەپەق ،
مەنچۇ ، مەن جىگدەمگە يۆلەنگەن پېتى .
ئەنە ئاۋۇ قوي - كالىلار مەرەپ ، مۆرىشىپ ،
يېيىلار ئەترايقا ئۇنىڭ توپا - چېڭى……

سورىما سەن ئەجەب لاۋا ئىدىڭ دەپ ،
بارىمنى ئاتاشقا ئىدىم مەن تەييار .
ئەمدىچۇ ، ھەتتاڭەي تەنە ، سۇركىلىش ،
چاڭلىرى ئاستىلا بېشىمغا قونار .

سورىما ئۇ قوۋناق كۆنلەر ھەققىدە ،
مەن بىر ئەر ياۋۇزلۇق بۇندا مۇجەسسەم .
گەر تۇرمۇش داجىتسا مېنى ئارقىغا ،
مەن غەزەپ ئىچىدە ئالىمەن قەدەم .

«سورىما مەن نېچۈن غەمكىن ، بىناۋا ،
شادىمان پەيتلەردە چېكىمەن ھەسرەت .»
سورىما ياش تۆكۈش ھەمدە زارلىنىش ،
ئەمەس ئۇ ، دۇنيادا مەڭگۈلۈك پەقەت......



# مۇزلىما يۈرىكىم

مۇزلىما يۈرىكىم ، بولدى مۇزلىما ،
مۇزلىما ھاياجان ئەسەبىي ۋۇجۇد .
بۇنداقلا ئۆلمەيمەن سىڭايان بولۇپ ،
بۇنداقلا ياشاشتا مەزلۇملۇق مەۋجۇت .

ئۆتمەن ئوت يېقىپ مۇزلىغانلارغا ،
چاقمەن يۈرەكسىز ئاشىق تېمىنى .
ياتمەن مېنىڭ ئوت زىندانلىرىمدا ،
ئىزدەيمەن نېمىنى ، كىمنى ، نېمىنى ؟

مۇزلىما يۈرىكىم ، بولدى مۇزلىما ،
سارغىيىپ ياپراقلار يىغلاتما دەردتە .
مەن كۆچكە تولىمەن ، يالقۇنلايمەن ،
مەن ئەركەك بولىمەن مۇشۇ سائەتتە .

# مۆرەۋاتقان بوٗقا

ئۇنىڭ خىيالى پەقەتلا بىرلا ،
ئۇنىڭ خىيالى تاننى ئۇزۇش .
ئۇنىڭ ھۆركىرەك ئېتىشلىرىدا ،
بار بوٗقىلىق ۋە قاتتىق ئۇسۇش .

ئۇ ياقتۇرماس بۇ يۇمشاقلىقنى ،
بوٗقا بولۇش ئەڭ گۈزەل ئارمان .
ئۇ مۆرەيدۇ ، چىچاڭ ئاتىدۇ ،
ئۇ قاسساپنىڭ سىلىشى يامان .

ئۇ مۆرەيدۇ ، تېشەر ئاۋازى ،
ئاھ ، دۇنيانىڭ ساختا كىيىمىنى .
بوٗقىچىلىك بولالماي كۆپ ئەر ،
يۇرەر سالالماي ،
مەن ئەر ، دېگەن ساختا كىيىمىنى……

## كۆيۈۋاتقان ئادەم

ئۇ بىردىنلا كۆيەر ، يۇلقۇنار ،
ئۇ قۇترايدۇ پاتماي ئىچىگە .
بىر تال يۇلتۇز ساقىغان كەبى ،
ئۇمۇ ساقىپ كېتەر كېچىگە .

كىم بىلىدۇ ئۇنىڭ دەردىنى ،
كىم تۇتىدۇ قولىنى مەھكەم ؟
كىرىشىپ كەتكەن ئوتتۇز چىشىدىن ،
كېچە بولۇپ چىقار ھەر ئەلەم .

ۋارقىرايدۇ ئاۋازى چىقماس ،
بۇقۇلدايدۇ خىلۋەتتە تەنھا .
ئەنە ئاۋۇ بىر توپ ناكەسلەر ،
دەسسەپ ئۆتەر يۈرىكىگە گويا .

ئۇ كۆيمەكتە ، كۆيىدۇ نېچۈن ؟
قۇشلار ئۇچۇپ ئۆتەر بېشىدىن .

سىرغىپ چۇشەر بارچە ئەلىمى،
ئۇنىڭ يالغۇز تۆككەن يېشىدىن......



# غازاڭلار شىرىقلاپ چۈشەر كەچ كۈزدە

غازاڭلار شىرىقلاپ چۈشەر كەچ كۈزدە ،
توپىلىق يوللارغا ، پاكار ئۆگزىگە .
مەن بۇندا كېلىمەن يالغۇز - يېگانە ،
ئېچىنىپ ئۆزۈمچە يازنىڭ ئۆلۈمىگە .

ياز ئۆلەر ، كۈز ئۆلەر ، ئۆلەر قىشمۇ ھەم ،
ياق ، ئۆلمەس بوغۇشلاپ سۆيگىنىم سېنى .
ياق ، مەن ئەنە شۇ غازاڭمەن شەكسىز ،
ياق ، مەن ئىچىمگە سالغان ھەممىنى .

غازاڭلار شىرىقلاپ چۈشەر كەچ كۈزدە ،
قاغىلار قاقىلداپ قونار تېرەككە .
بۇ يېزام ئاھ ، يېزام سارغايدى يەنە ،
ئاچچىق بىر مۇڭنى سېلىپ يۈرەككە……

# بۇ بەلكىم ئاخىرقى كۆز يېشىم ئەمەس

بۇ بەلكىم ئاخىرقى كۆز يېشىم ئەمەس ،
ئەمەس ھەم بۇ تۇنجى سەمىمىي كۆلكەم .
سارغايغان تېرەككە يۆلىنىپ بىللە ،
مۇڭداشسام بولاتتى لەۋ يېقىپ بىردەم .

تۇرمۇش چىلبۆرە كەبى خىرىس قىلىپ ،
يېمەكتە ئاھ ، ئوتتەك قىزىق ھەۋەسنى .
مەن ئاڭا يېيىلمەي ، مېنى يېيەلمەي ،
كۆرسەتتىم ئۇنىڭغا ئۇمىد تەرەپنى .

بۇ بەلكىم ئاخىرقى كۆز يېشىم ئەمەس ،
ئەمەس ھەم بىر بۇزۇق رەسرا كۈلكىسى .
ئۇ يىغلاپ جان بەردى بۇ تۇرمۇش ئۈچۈن ،
ئاستىلا سىڭايان بولۇپ ھەم بېشى......

# كۆزۈڭگە ياش ئالما بولدى
# جان دوستۇم

كۆزۈڭگە ياش ئالما بولدى جان دوستۇم ،
قوۋۇرغاڭ تىغ - پىچاق بولسىمۇ ئەگەر .
رەنجىمە ، ئۆكۈنمە ، كېتەر ھەممىسى ،
ئاخىرقى يۇلتۇزمۇ پىلىلداپ ئۆچەر .

كۆزۈڭگە ياش ئالما بولدى جان دوستۇم ،
ئۈمىد ۋە پاراسەت بار يەنە تېخى .
پاچاقلا ، پاچاقلا ، ۋاز كەچ ئۆزۈڭدىن ،
چىقسۇن بۇ ئەرزىمەس غەمنىڭ ئەبجىقى .



# ھېچنېمە ئويلىماسلىقتا تىرىشىپ

ھېچنېمە ئويلىماسلىقتا تىرىشىپ ،
رەت قىلدىم ھەممىنى ، ساختا كۈلكىنى .
ھېچنېمە ئويلىماسلىقتا تىرىشىپ ،
ئۆتكۈزدۈم ھاياتىنىڭ ئالتۇن پەيتىنى .

ئويلىساق ، ئويىمىز قالار ئوي پېتى ،
ئويلىساق ئۇ تاغلار قالار ھەيرەتتە .
قارىغىن ، ئۇ بوۋاي سىيپاپ ساقىلىنى ،
كەلمەكتە ھەتتەنىڭ ، دەپ ئەنە بىر چەتتە .

يىرگىنىش ، يىرگىنىش ، يەنە يىرگىنىش ،
غايە ئۇ ۋاز كېچىش ، يەنە ۋاز كېچىش .
بىر تال يوپۇرماق چۈشكەندەك لەيلەپ ،
ئۆتەركەن دۇنيادا ھەق - راست ھەممە ئىش .

# تۇنجى قار ياغقان ئاشۇ
# كۈنى مەن

تۇنجى قار ياغقان ئاشۇ كۈنى مەن ،
ئەسلىدىم بىغۇبار تاتلىق كېچىنى .
ئەسلىدىم ھۆرپەيگەن ھازازۇل كەچمىش ،
ئەسلەتتى ئۇ گويا پىچاق بىسىنى .

تۇنجى قار ياغقان ئاشۇ كۈنى مەن ،
بۇ غەمخان دۇنيانىڭ ئىدىم ئەركىسى .
ئۆرلەيتتى پەلەككە شۇنچىلىك ئېغىر ،
ئوچاقتا قالىغان ھۆل ئوتۇن ئىسى .

تۇنجى قار ياغقان ئاشۇ كۈنى مەن ،
سۆيگەنتىم ئەسەبىي ئىستەكتە سىنى .
سۆيگۈمگە گۇۋاھلىق بېرىپ شۇ تېرەك ،
ئەسلىتەر قاردىكى ئاياغ ئىزىنى......

# خەير - خوش ھەممە ئېرىشكەنلىرىم

خەير- خوش ھەممە ئېرىشكەنلىرىم ،
خەير - خوش بىز ياشاپ باقمىغان تۇرمۇش .
خەير - خوش مۇھەببەت دېگەن يۇرەكلەر ،
خەير - خوش غەربكە ئۇچقان غېرىب قۇش .

ۋادەرىخ مەن سۆيگەن نەرسىلەر ئەمدى ،
سانجىلدى يىڭنە بولۇپ ، تاپمىدىم بەرھەم .
خەير - خوش ئەي قىزغىن ئىنتىلگەنلىرىم ،
خەير - خوش كۆلمىگەن مىڭىبىر كۇنۇم ھەم .



# بىر شەھەرنىڭ ئاشۇ خىلۋەت كوچىسىدا

بىر شەھەرنىڭ ئاشۇ خىلۋەت كوچىسىدا ،
ئوتتۇز ئۈيغۇر شاراب ئىچەر ئەلەمدە .
بىر شەھەرنىڭ ئاشۇ خىلۋەت كوچىسىدا ،
توققۇز شائىر ماڭار ئاستا قەدەمدە .

ھېسام كۆلەر رومكىلاردا ئېغىزدا ،
ئۈمىد بەزەن كۆز قىسىدۇ سەتەڭدەك .
يەنە بىر ئۆيدە خۇدا دەيدۇ نامازخان ،
يەنە بىر ئۆيدە دەرد تۆكۈلەر بىر ئىتەك .

بىر شەھەرنىڭ ئاشۇ خىلۋەت كوچىسىدا ،
چىلڭ ياشايدۇ قەشقەر ، غۇلجا ، خوتەنلىك .
بۇ ھاياتنىڭ جىمى يىغىسى ئۇلاردا ،
بۇ ھاياتنىڭ نەرخى ئالتە يۈەنلىك .

# نەمخۇش توپا، ئاھ، نەمخۇش توپا

— خى، خى ۋا، گۇينىڭ ئېشىكى،
— بالام بولە، ئالە كەتمەننى!
— ئىككى ناننى چىگە بېلىڭگە،
— توۋلىۋىتە ئۆيدىن ئەنۋەرنى.

غىچىرلايدۇ ئېشەك هارۋىسى،
قىغ تۆكىمىز يەرگە، بۇغدايغا.
ئەمدى ئىشنى باشلاي دېگەندە،
باشلىق دەيدۇ ماڭە هاشارغا.

— بالام، ئۆسۈپتىمىش يەنە سۇ ھەققى،
دەيدۇ، دادام ساقىلىنى سىلاپ.
بىز چاپىمىز كەتمەننى كۈچەپ،
ئاشۇ نەمخۇش توپىغا قاراپ……

نەمخۇش توپا ئاھ ، نەمخۇش توپا ،
قان ، تەرلىرىمىز ئاقىدۇ ساڭا .
چىت سانجىلغان ئەنجان تاملىقتا ،
ئەجەبمۇ سەت قاقىلدار قاغا......

جىگدىسى بار ، تېرەكلىرى بار ،
قايغۇسى بار ، تىلەكلىرى بار .
يارىشىدىغاندەك غېرىب - غۇرۋالىق ،
دەردكە كۆنگەن يۈرەكلىرى بار .

نەمخۇش توپا ، ئاھ ، نەمخۇش توپا ،
نەمخۇش توپا ، ئاھ ، نەمخۇش توپا......



# ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ ماڭار بىر بوۋاي

ئۇ يىراقتىن كەلگەن ياكى جەنۇبتىن ،
ئۆشنىسىدە مايلىشاڭغۇ خۇرجۇنى .
بۇ شەھەردە ئېزىپ ، يولدا تەمتىرەپ ،
چاقىرماقچى بولار شۇندا بىرسىنى .

— قادىر ئىگەم ئۆزۈڭ بارسەن ، دەيدۇ ئۇ ،
ئىلتىجادا تېپىپ ئاران ئېسىنى .
ئېگىز - ئېگىز بىنادىكى تاش ئادەم ،
ھەيدىۋەتتى كۆرۈپ بايقۇش تۇرقىنى .

تەر تەپچىيدۇ شاپاق دوپپا جىيىكىدىن ،
ساقاللىرى تامان بويلاپ ھەمدە ياش .
ھېچكىم بىلمەس ئۇنىڭ ئەرزى - ھالىنى ،
نوچى يىگىت ، ئاشۇ سەتەڭ قەلەمقاش……

ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ ماڭار ئۇ بوۋاي ،
شەھەر دېگەننىڭ ھەممە نېمىسى تاشمۇ دەپ ؟
مىڭ يالغۇزلۇق ئازابىدا كۆيۈپ ئۇ ،
ئۆز يۇرتىنى سېغىنماقتا ھەسسىلەپ......



# شەھەردىن قېچىپ چىقىش

قاچىمەن بۇقىدەك ، ھاڭگا ئېشەكتەك ،
قاچىمەن تىرىلىپ قوپقان ئۆلۈكتەك ،
قاچىمەن شۇ يۈزسىز ئېگىز بىنادىن ،
كۇتەر ،شەھىرىڭنى ماڭا ئادەملەر كېرەك...... ! !

قاچىمەن ئاتالمىش توغرا چۈشىنىشتىن ،
قاچىمەن مېغىزى يوق زاڭ مەدەنىيەتتىن .
ھاڭرايمەن ھاڭگىدەك ، مۆرەيمەن بۇقىدەك ،
ئاھ ، كەڭرى دالادا ، قېچىپ ھەممىدىن......

ئەركەكلەر يۇمشاپ كەتكەن شەھەر شۇ ،
دىل تاش بولۇپ يەتكەن شەھەر شۇ .
ئادەملەر يوقىلىپ ئادەم دېڭىزىدا ،
ئادەم بىر چەتتە يىغلار يادانىغۇ .

كۆتەر ساختا سەممىيلىكىڭنى ،
قاچ ! قاچىساڭ ئۆلىدىغان جان !
ئەنە ئاۋۇ بۇقا ئاتىدۇ ھۆركىرەك ،
ئەنە ئاۋۇ توپىدا قىزغىن ھاياجان…… !



## كەينىمدىكى ئەنۋەر

ئۇ بىردىنلا چىقتى تۇرمۇشتىن ،
ئۇ بىردىنلا سالدى پىچاق ئۆزىگە .
ئۇ مەجرۇھلۇق ھەمدە ئامالسىزلىقلار ،
ئۇندىن بۇرۇن كىرىپ كەتتى قەبرىگە .

ئۇ بىر لۇكچەك ئەمدى يۇرىكى چىڭ قاتقان ،
ئۇ بىر خۇمسى ئەمەس يالاق يالىغان .
ئۇ ئايرىلدى ھەممە ياخشى نەرسىسىدىن ،
ئۇچۇ ، ھازىر ئاسمانغىلا قارىغان......

ئەنە ئاۋۇ بەلكىم ئۇنىڭ يۇلتۇزى ،
ئەنە ئاۋۇ لاچىن قانات قاقىدۇ .
ئالدىمدىكى شۇنچە مەغرۇر ئەنۋەر ،
كەينىمدىكى ئەنۋەرنى ئۇرۇپ چاقىدۇ .

قارا ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە تەمكىنلىك ،
قارا ، ئەمدى كۆز ياش ، ئازاب يات ئاڭا .

ئۇنىڭ مۇشتى شۇنچە قاتتىق تۈگۈلگەن ،
ۋە ئەركەكچە ئاچچىق غەزەپ بار يەنە......



# باغچىدىكى يالغۇز ئورۇندۇق

ئاشۇ چاغدا يانمۇيان بىللە ،
ھاياجانغا چۆمۈلگەن ۋۇجۇد .
تارتىنىشىپ ۋە قىزىرىشىپ ،
ئولتۇرغانتۇق مىنگەشتۈرۈپ پۇت .

تېرەك غازاڭ تاشلاپتۇ بۈگۈن ،
رىدە غازاڭ تاشلاپتۇ بۈگۈن .
باغچىدىكى يالغۇز ئورۇندۇق ،
ئەجەب كۆزنى ياشلاپتۇ بۈگۈن .

ئادەم ئۆتەر ئادەم تونۇماي ،
ماشىنىلار ئۆتەر پەرۋاسىز .
ئاشۇ چاغدا شۇ ئورۇندۇقتا ،
بىز ئولتۇرغان ئىدۇق بەك غەمسىز .

# ئارقىڭغا بىر قارىماقچى بولۇپ

ئارقىڭغا بىر قارىماقچى بولۇپ ،
قىيا قاراپ كەتتىڭ ئۆزىدىڭ .
نېچۇن ئەمدى شۇنچە پەرىشان ،
ئاھ ، كەچ كۆزدە ئاستا توزۇدۇڭ ؟

مەن ئەمەسمۇ چىن دىلدىن ساڭا ،
بارلىقىمنى قىلغان تەسەددۇق .
پارقىرىغانلا ئەمەستۇر ئالتۇن ،
بىلسەڭ دۇنيا بىر رەسۋا - بۇزۇق .

ئۆز قەدرىنى قىلالماس ئادەم ،
ئۆزى ئۇچۇن كۆيگەننى بىلىپ .
ئارقىڭغا بىر قارىماقچى بولۇپ ،
كەتتىڭ بەلكىم ھەسرەتلىك تىنىپ .

# سەن يىغلىما

سەن يىغلىما ، بۇ تۇرمۇشقا يىغلىما ،
سەن يىغلىما ئۆتكەن كۈنلەر كەتتى دەپ .
يىغلىغانغا كەلمەس تاغلار ئالدىڭغا ،
بەلكى باسار لەكمىڭ غەملەر ھەسسىلەپ .

سەن يىغلىما ، بۇ تۇرمۇشقا يىغلىما ،
قۇياش پاتار ، لېكىن چىقار يۇلتۇزلار .
قارا ئاۋۇ تاش ئارىسىدا بىر تال ئوت ،
قارا ئەنە كۈنگە قاراپ بوي سوزار .

ئۆرتىمىسۇن سېنى غەملەر قىيانى ،
ئۆرتىمىسۇن ۋاپا قىلساڭ ۋاپاسىز .
مۇڭلانمىغىن يېشىل ياپراق سولدى دەپ ،
بەخت ئاچچىق بولۇر بەزەن قارارسىز .

سەن يىغلىما ، بۇ تۇرمۇشقا يىغلىما ،
ئاھ ، تۈگەشتىم ، دېمە ھەسرەت چەكمىگىن .

كۆتكەنلىرىڭ كەلمەس مەڭگۈ ئېھتىمال ،
سەن يىغلىما ، كېتەر ھەممە ئەسلىدىن……



# گۈلۈم شۇ چاغ قار ياغقاندا لەپىلدەپ

گۈلۈم شۇ چاغ قار ياغقاندا لەپىلدەپ ،
بىز مېڭىشقان شۇ كوچىدا يانمۇيان .
تەشنالىقنىڭ دەھشىتىدە چىڭقىلىپ ،
بىز تۈيمىغان سانجىلىسمۇ شىۋىرغان .

گۈلۈم شۇ چاغ قار ياغقاندا لەپىلدەپ ،
مەن ئويلىدىم مىڭبىر ياشقا كىرمەسمىز .
سۆيگەنلىرى ، كۆنگەنلىرى ئىنسانغا ،
بەك قەدىردان ، ئەمما بالدۇر بىلمەسمىز .

قويە !...... ئۇنداق مەزلۇملارچە ياشاشنى ،
كەلدى دېگۈم ئاشۇ قارلىق كېچىدە .
خۇش - شادىمان بولۇشۇپ ، ئۇنتۇپ دەردلەرنى ،
بىز كۆيگەندۇق مۇھەببەتنىڭ پېچىدە .

## بۆ ئەنۋەر......

قارا ، ئاڭا ئورۇق ، سوزۇنچاق ،
قارا ئاڭا ، كۆزى نۇرلۇق ھەم ئوتلۇق .
قارا ئۇندىن تاپالمايسەن ۋايساشنى ،
قارا ئاڭا ، نە بۇرۇنقى غەملىك يوق .

ئۇ چاغلاردا سومكا ئېسىپ مەكتەپكە
ئېتىز - ئېتىز ئارىلاپ سەكرەپ ئۇچاتتى .
ئۇ چاغلاردا ئاھ ، مېھرىبان ئانىسى ،
ئەركىلىتىپ ، تۇخۇم بېرىپ باقاتتى .

ئۇ چاغلاردا مۆكىمۆكىلەڭ ئويناپ ئۇ ،
ئايدىڭ كەچنىڭ بولار ئىدى بالىسى .
قېنى ئەمدى ئۇ قوي باققان جاڭگاللىق ،
ھەي ، ھەي ، ئۆمۈر !...... بالىلىقنىڭ قارىسى......

قارا ئەمدى ، گەرچە يالغۇز - تەنھا ئۇ ،
ئۇ ئايرىلدى ، ئايرىلمىدى سۆيگۈدىن .

قارا ئۈندا قەيسەرلىك بار ، ئۈمىد بار ،
ئۇ قورقىدۇ سۆيگۈسىزنى سۆيۈشتىن .

بىر قارىساڭ خۇشخۇي ، مۇھەببەتلىك ئۇ ،
بىر قارىساڭ ھېكمەت ئىزدەر دۇنيادىن .
بىر قارىساڭ گۇناھلارغا لىق پاتقان ،
بىر قارىساڭ ئەپۇ تىلەر خۇدادىن .



## سەن رۇسسىي ئەمەسسەن، لېكىن……

(گۇلۇمگە بېغىشلايمەن)

سەن رۇسسىي[1] ئەمەسسەن لېكىن ئۇنىڭدىن،
ئاشقان بىر قەيسەرلىك مۇجەسسەم ساڭا.
مەن چەكسىز دېڭىزدا سېنى تاپالماي،
تاقىتىم تاق بولغان جېنىم شۇ چاغدا.

سۆيگۈ ئۇ جەزمەنكى ئەمەس يىغلاشلا،
ئەمەس ھەم مەزلۇمچە كۈتۈش، خار بولۇش.
ئۇ نېمە، بىل شۇنى ئۇ يوشۇرۇن قۇدرەت،
ئەمەس ئۇ تەقدىرنى كۈتۈپ زار بولۇش.

سەن رۇسسىي ئەمەسسەن، لېكىن ئۇنىڭدىن،
ئاشقان بىر قەيسەرلىك مۇجەسسەم ساڭا.
قولۇڭدا ئۇمىدنىڭ ئۆتكۈر پالتىسى،
كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاھ، چاپقىن قولۇمغا.

---

[1] رۇسسىي — «تىتانىك ناملىق پاراخوت» فىلىمىدىكى ئايال باش پېرسوناژ.

# يوقالما ، يوقالما قىزغىن
# هاياجان

يوقالما ، يوقالما...... قىزغىن هاياجان ،
يوقالما ، ئوت بولۇپ ئاھ ، كۆيگەنلىرىم .
يوقالما ، ئەسەبىي ئىستەكلىرىم ھەم ،
يوقالما ، سەن ئۈچۈن مىڭ ئۆلگەنلىرىم .

يوقالما ، يوقالما...... قىزغىن هاياجان ،
يوقالما ئەي مېنىڭ سۆيۈشلىرىم ھەم .
مەن شۇنداق ياشايكى ، بارىمنى بېرىپ ،
ئۇنتۇلماس بىر لەززەت بولسۇن مۇجەسسەم .

يوقالما ، يوقالما...... قىزغىن هاياجان ،
يوقالما ، مەيۈسلۈك ئەزسىمۇ شۇئان .
چاقناشتا ، كۆيۈشتە يارات ئۆزۈڭنى ،
بولغايكىم سەن سۆيگۈن ھەممە قەدىردان .

# كەتمىسەڭ گۈلۈم

كەتمىسەڭ بولاتتى كەتمىسەڭ گۈلۈم ،
قانمىغان كۆڭۈلنى مىڭ پارە قىلىپ .
مۇھەببەت ئەسلىدىن شۇنداقتۇر بەلكىم ،
ئىچ - ئىچىدىن سىغىنىپ ياكى تىلىنىپ .

كەتمىسەڭ بولاتتى كەتمىسەڭ گۈلۈم ،
تۇن ئارا ئاستىدا مۆككەن ئاي كەبى .
شۇ تاتلىق گۇناھىنىڭ شېرىن سۈيىدە ،
ئىككى روھ كىرىشكەن ئىدى ئەسەبىي .



## ئۇنتۇما

ئۇنتۇما ، ئۇنتۇما قەيسەرلىكىڭنى ،
ئۇنتۇما ھەممىسى ئۆتەر بىر پەستە .
ياشىغاي ھەر ئىنسان چىشىنى چىشلەپ ،
ياشىغاي ئۈمىد ھەم ئۇتلۇق ھەۋەستە .

بەرھەق ھەممىسى كېتەر يوقىلار ،
كەتكۈچە قانچىلاپ قىينىلىدۇ جان !
مېھىرلەر ئۇچراشماي ئۆتەر مېھرىگە ،
خەير ، ماڭا قول بەرگەن ئۈمىدلەر قايان ؟

ئۇنتۇما ، ئۇنتۇما ، قەيسەرلىكىڭنى ،
كۆز غازاڭ تاشلىدى يوللارغا ئەنە .
ئۇششۇگەن قولۇڭنى ئىسسىتاي كەلگىن ،
كەلگىنە ، تىزىمغا باش قويغىن يەنە……

كەلگىنە ، ۋەھىمە ، غەملەرنى ئۇنتۇپ ،
جىسمىمىز كۆيۈشسۇن چىقىرىپ تۇتۇن .

بىز ۋايىم يېگۈدەك ئەمەس بۇ دۇنيا ،
ھارارەت تەپتىدە ئېرىسۇن بۇ تۈن......



## سۆيىمەن......

(گۈلۈمگە بېغىشلايمەن )

ئەسەبىي ئىستەكتە سۆيىمەن سېنى ،
سۆيىمەن ئۆلگۈچە ، قىيامەتكىچە .
سېنى دەپ قىينالغان ئاشۇ بىر كېچەم ،
بىلەمسەن مەن ئۈچۈن ئۇ مىڭبىر كېچە .

مەن ۋايىم يېمەيمەن رەزگى دۇنيادىن ،
ئاھ ئۇرۇپ ياشىمۇ ھەم تۆكمەيمەن ئەسلا .
قەيسەرلىك ۋە ئۈمىد ھەمراھ ھەممىسى ،
يار ماڭا مۇھەببەت ، غەزەپ شۇنداقلا .

بىلەمسەن ھېچ كىشى سۆيەمەس مېنىڭدەك ،
ئاھ ، سېنى ئەسەبىي قۇچاقلاپ تۇرۇپ .
مۇھەببەت نىھايەت كۆيۈش ئۇ شۇنداق ،
كۆيگەنلەر قالمىسۇن مەڭگۈ ئاھ ئۇرۇپ......

# غازاڭلار چۈشەر شىرنقلاپ

كۆز يولى غازاڭلار چۈشەر شىرنقلاپ ،
چۈشەر ھەم بىلمىدىم ئۆتتۈز تامچە ياش .
پادىلار چاك ئىچرە ئۈزار ئاۋۇلغا ،
سەن كەتتىڭ يىراقلاپ پاتقاندەك قۇياش .

ئىزغىرىن سوغۇقنىڭ ئاچچىق شامىلى ،
قورۇيدۇ تېنىمنى ، تىترىتىدۇ ھەم .
يېنىمدا ياندىشىپ مېڭىشقا بۇ چاغ ،
سەن بولساڭ بولاتتى ، سەن بولساڭ ئەركەم .

كۆز يولى غازاڭلار چۈشەر شىرنقلاپ ،
قىش سوغۇق قولىنى ئۇزىتار مانا .
مەن مەشنىڭ ئالدىدا يالغۇز ئوت سىنىپ ،
ئۆزۈمچە مۆڭلىنىپ قالدىم دۇنياغا .

بەرھەق ، كۆز كەبى سارغىيار ھايات ،
سارغايماس بىل نېمە ئەبەدكە پەقەت ؟

كۆز يولى غازاڭلار چۈشەر شىرنقلاپ ،
بەلكى بۇ مۇھەببەت ، تېرەن مۇھەببەت......



# قىرىق سەككىز سائەت

ئايروپىلان ئاستىلا قونغاندا يەرگە ،
بىلەمسەن ، قارت !...... قىلغان نېمە مەندىكى ؟
سېغىنىش ۋە كۈتۈش ئاھ ، تەشنا بولۇش ،
گۈل ئىدىڭ تەلمۈرتكەن كۆز شەبنەمىدىكى......

بىز ئەجەب ئۈن - تىنسىز كۆرۈشتۇق لەۋەن ،
باغرىمغا باغرىڭنى باسالماي تىترەپ .
يېنىمدا ئەخلاقنىڭ ئۆتكۈر نەيزىسى ،
ئىچىمدە ئىستىكىم ھەم خەنجەر بىلەپ .

بىلمىدىڭ ، بىلمىدۇق ، كۆيۈشتۇق قانداق ؟
بىلمىدۇق بىھاجەت ، كۆيۈشتىن باشقا .
بىز ئازدۇق نىھايەت ، مىڭ شېرىنلىككە ،
ئازدۇردۇق ھاياتنى ئاھ ، قۇچاقلاشتا .

سەن مېنىڭ بولغان قىرىق سەككىز سائەت ،
قاغجىرىغان كۆڭۈلنىڭ قاندى سۇلىقى .

قانمىدى ، ۋاي…… ياق ، ياق ، قانماس ئەبەدىي ،
بەرھەق ، ھەر كۆڭۈلنىڭ چۆل ئۇسسۇزلۇقى .

ئويلىساق كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ھايات ،
ۋە لېكىن ئۇنتۇلماس قىرىق سەككىز سائەت !……
ياشىدۇق بەك ئۇزاق ، ياشنانتتۇق نېمە ؟
سەمىمىي ۋە قىزغىن بېرىپ مۇھەببەت……



# كۈزنىڭ سەھىرى

كۈزنىڭ بۇ سەھىرى ، كۈزنىڭ سەھىرى ،
تېرەكلەر ، ئۆرۈكلەر...... تاشلايتتى غازاڭ .
كۈزنىڭ بۇ سەھىرى ، كۈزنىڭ سەھىرى ،
قىشلاقنى قاپلىغان ئاقۇچ رەڭ تۇمان .

كۈزنىڭ بۇ سەھىرى ، كۈزنىڭ سەھىرى ،
پادىلار يىراققا قاراپ يول ئالار .
كۈزنىڭ بۇ سەھىرى ، جاپاكەشلەرنىڭ ،
ئىشلىرى باشلىنار ، قوللىرى توڭار .

كۈزنىڭ بۇ سەھىرى ، كۈزنىڭ سەھىرى ،
مەن سېغىنىپ بىر سېنى قىلاتتىم خىيال .
ئۇستۇمگە شىرىقلاپ چۈشكەن غازاڭلار ،
مۇڭلانغان ماڭىلا ئوخشار ئېھتىمال......

# ئوچاق ئالدىدا

كۆيگىن ئوت چاراسلاپ ، كۆيگىن پاراسلاپ ،
كۆيگىنە ، ئۇششۇگەن قولۇم ئىسسىسۇن .
بو سوغۇق كەلمەكتە ئەنە دېۋەيلەپ ،
ئەنە مېنىڭ غەملىرىم مىڭ گەزدىن ئۇزۇن .

كۆي ، مېنىڭ يېرىنندام ، كۆي مېنىڭ ئوتۇم ،
كۆي ھەممە ھارارەت تارىسۇن سەندىن .
كۆيگىنە ئەي مېنىڭ گۇناھكار تېنىم ،
كۆيگىنە بۇ سوغۇق ئۆتمىسۇن جاندىن .



# بىر تال غازاڭ ، ئەي بىر تال غازاڭ

بىر تال غازاڭ ئەي بىر تال غازاڭ ،
سەن سارغىيىپ چۈشۈپسەن يەرگە .
قېنى شاختا تۇرۇشۇڭ مەغرۇر ،
ئۆكۈنەمسەن ئاشۇ كۈنلەرگە ؟

بىر تال غازاڭ ، ئەي بىر تال غازاڭ ،
قېنى ، باھار سۆيگەن مەۋسۇمىڭ ؟
قېنى ، شامال سۆيگەن ئەسەبىي ،
قېنى يېنىپ تۇرغان شۇ ئوتۇڭ ؟

بىر تال غازاڭ ئەي ، بىر تال غازاڭ ،
نېچۈن مۇڭلاندۇرىسەن باغلارنى ؟
كۈزنىڭ سوغۇق شاملى ئۈششۈتۈپ ،
ئەسلەتتىمۇ شېرىن چاغلارنى...... ؟

# مەن هامان قەيسەرمەن كەلسەڭ دەرتلىرىم

مەن هامان قەيسەرمەن كەلسەڭ دەردلىرىم ،
مەن هامان قەھرلىك ئەر مەن ، بوٓرىمەن .
مەيلى سەن بېشىمغا قويغىن تاغلارنى ،
مۆشتلىرىم توٓگۆلگەن ، كۆچ يىغقان تىمەن .

مەن هامان قەيسەرمەن كەلسەڭ دەردلىرىم ،
مەزلۇمچە ياشنى هەم توٓكمەيمەن زارلاپ .
ئۈمىدنىڭ شەمشىرى چاقنار قولۇمدا ،
بارچە غەم مىڭ بولۇپ كەلسەڭمۇ شۇ تاپ .

مەن هامان قەيسەرمەن كەلسەڭ دەردلىرىم ،
قويغىنىە ، بىزارمەن بايقۇشلۇقۇڭدىن .
كەل مېنىڭ دوستۇمسەن بولساڭ ئۈمىدۋار ،
كەل ، ۋەھشىي شىر بولۇپ قوپاي يېنىڭدىن......

# ئۇ چاغدا سەن ئۇچۇن

ئۇ چاغدا سەن ئۇچۇن كۆيگەن نىھايەت ،
ئۇ چاغدا ئۇچۇن ئىدى بارلىقىم .
ۋادەرىخ ، كۇز غازاڭ تاشلىغان كەبى ،
بىر - بىرلەپ ئېسىمدىن كېچەر ئۆتمۇشۇم .

ئۇ چاغدا نە خىيال سوۋۇشقا سەندىن ،
ئۇ چاغدا ئەسەبىي سۆيۈشلا پەقەت .
بەزىدە بۇ سۆيگۇ ھەسەلدىن تاتلىق ،
بەزىدە بىلسەڭ ئۇ زەھەردۇر قەۋەت .

بىلمىدىم مەن نېچۇن يېگەيمەن ۋايىم ،
بىلمىدىم ئۆزىنى بېغىشلاش ئازاب .
ئۇ چاغدا مەن يانغىن ئىدىم بەك كۆيگەن ،
مانا ئەمدى نە بىلەي كېتىشنى سۇسلاپ ؟

## شەھەر ئادىمى

ئۇ ھەر كۈنى چىقار ئېگىز بىنادىن ،
ئۇ ھەركۈنى كىرەر ئېگىز بىناغا .
ياشاش ئۈچۈن جەھلى بىلەن ئالدىراپ ،
قارىيالماس كۆك ئاسمانغا — ھاۋاغا .

قۇياش نەدىن چىقار ، پاتار نەلەرگە ؟
ھۇزۇرىنى سورۇش ئاڭا مۇشكۇلات .
قۇشلار قانداق سايرار ، دەرەخ كۆكىرەر ؟
كۆرىنەر ئاڭا ئۆزىدىن باشقا ھەممە يات .

ئۇنلۇك ناخشا توۋلاي دېسە قوشنىسى ،
ئەرز قىلار ئۇخلاتمىدى كېچە دەپ .
ئۇ كۆنىدۇ يۇمشاق دەسسەپ مېڭىشقا ،
ۋارقىرىۋېلىش جىنايەتتۇر ھەسسىلەپ .

پۇللۇق ھە راست مۇھەببەتمۇ شەھەردە ،
پۇلسىز ياشاش تەسەۋۋۇرغا بەكمۇ يات .

مەۋجۇتلۇقنىڭ تەسلىكىدە غېرىب جان ،
دەيدۇ تويوپ : بۇ شەھەرگە پەندىيات !



# ئۆچمە سۆيگۈم

ئۆچمە سۆيگۈم ، يانغىن ، يېنىپ تۇر ،
ئۆچمە ، ئازار يېسەڭمۇ ئەگەر .
ئۆچمە ، نادان ، قەدىر سىزنى دەپ ،
ئۆچمە ، ھەقچۇن ئىچسەڭمۇ زەھەر .

ئۈمىد ، ئۈمىد دەپ تۇر توختىماي ،
قارا ، قۇشلار كېلىدۇ قايتىپ......
ياق ، ئۆكۈنمە ئۆتەر ھەممىسى ،
ياق ، خورسىنما يۈزۈڭ سارغايتىپ......

ئۆچمە سۆيگۈم ، يانغىن ، يېنىپ تۇر ،
ئۆچمە ، ئۆچۈش چىن ئاشىققا يات .
ئۆچمە كۆيدۈر ، كۈل قىل ھەممىنى ،
ئالدىسىمۇ سېنى گەر ھايات .

كۆرگىن ئاۋۇ تاشتىكى گىياھ ،
شاماللاردا يەلپۈنەر لەرزان......

ئۆچمە سۆيگۇم ، يانغىن ، يېڭىپ تۇر ،
سۆي ، ھەممىسى بولسۇن قەدىردان……



## ئۇ چاغلاردا چىچەك پەسلىمىز……

«سىفەن شۆيۈەن» مۇشۇ مەكتەپمۇ دەپ ،
ھەيران قېلىپ ئاۋايلاپ دەسسەپ ،
مىڭ توققۇز يۈز توقسان ئىككىنچى يىلى ،
سېنتەبىرنىڭ تۇنجى كۈنىدە ،
يېتىرقاشتا كىرگەنتۇق دەسلەپ .

مېھرى قۇياشتىن ئاققاندەك ،
قەشقەردىكى يەر شارىدا ،
يەر شارىدىكى قەشقەردە ،
ئاشۇ مەكتەپتە ،
نۇرغۇن - نۇرغۇن ئەسلىمە قالغان ،
بەزى باسسا تۇندەك غېرىبلىق ،
ئاھ ، گىتارنى سايرىتىپ چالغان .
بەزىلىرىمىز كىتاب دەپ ،
بەزىلىرىمىز قورساق غېمى دەپ ،
بەزىلىرىمىز سۆيگۈ چۆلىدە ،
يۈرۈشەتتۇق مېڭىپ تەمتىرەپ……

يوٌلتوٌزلارغا ، جىمجىت ئاسمانغا ،
تىكىلەتتوٌق…… سىرلار ئېيتىشىپ……
ياشاش نېمە ، ئارمانلار نېمە ؟
تالىشاتتوٌق توٌن نىسپىگىچە……
ئەجەب ئۆتكەن بەش يىللىق هايات ،
قەشقەردىكى سىفەن شۆيۋەندە .
……
سىفەن سۆيۋەندە ،
«ئويغانغان زېمىن» ،
سىفەن شۆيۋەندە ،
«ئەسىردىن هالقىغان بىر كوٌن»
سىفەن شۆيۋەندە «چالىقوٌشى» ،
سىفەن شۆيۋندە «شاراب توموٌرى»……
«سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا» ،
«ئوٌيغوٌر قىزى لىرىكىسى» ،
بودلېر ، نېتزى ، نەۋائى ، مەشرەپ……
سىفەن شۆيۋەندە جاپاكەش ئوٌستاز ،
سىفەن شۆيۋەندە ، بەش يىللىق كەچمىش ،
سىفەن شۆيۋەندە ،
توٌرۋبا سوٌيىدەك بىھوٌدە ئېقىپ ،
ئۆكسوٌپ - تىلىنىپ ، ئىلىم ئۆگىنىپ ،
بەزى زېرىكىپ ، شېشىلەر چېقىپ……
ئۆتكەن هايات گاهى مەنىلىك……

گاهى ياغالماي قار - يامغوٌرچىلىك ،
مېھرىمىز قالغان ، ئىزلىرىمىز ھەم .

قېنى بەش يىل ؟
كەتكىلى نىكەم......
......
جىمجىت تۈرۈپ قالىمەن ،
جىمجىت دولقۇنلايمەن ،
جىمجىت ۋارقىرايمەن ،
جىمجىت سۆزلەيمەن......
قېنى بەش يىل ؟
قېنى بەش قولدەك
ئىجىل - ئىناق ئۆتكەن ساۋاقداش......
مەرىپەتنىڭ ئۇزۇن يولىدا ،
بىز يەنىلا مەڭگۈ قەلبداش .

جىقلا يۇلتۇز چاقنايدۇ
سىغەن شۆيۇەن ئاسمىنىدا ،
جىقلا گەپلىرىمىز قالغان
شۇ ئالمىلىق باغلىرىدا......
جىقلا ۋە لىقلا ئارمان ،
بىر توپ ئىستۇدېنت ،
ئايلىنىپ كېتەر بور توزانلىرىغا ،
ئايلىنىپ كېتەر ئاق چېچەكلەرگە......
ئايلىنىپ ھەم كەتمەكتە ئۇلار ،
توغراق ، يۇلغۇن ۋە جىگدىلەرگە......

ئۇ چاغلاردا چېچەك پەسلىمىز ،
ئۇ چاغلاردا بىز بىر توپ پەرىشتە .

ئۇ چاغلاردا خوتەن ، ئاقسۇ ، لوندۇن ، نيۇ - يورك ،
ۋە جاپاكەش ، مېھرىبان ئانىمىز
كىرىۋالاتتى چۈشلىرىمىزگە......

ئۇ چاغلاردا چېچەك پەسلىمىز ،
ئۇ چاغلاردا پىقىر كۆكنۇر ،
ئىدى تاتلىق چۈش كۆرگۈچى ،
ۋە رېئاللىق ئالدىدا
بىردىنلا چۆچۈپ كەتكۈچى......

سالام ،
خوتەنلىك دوستۇم مەتتۇرسۇن بەگيار ،
ئەلى ، ھەبىبە ، ئۇماق ئارزۇگۈل ،
سالام ،
ئاقسۇ دىيارىدىن راخمان ، تۇرجۇن ، مۇختار ، يەتلە ،
كېيىن ئويغانغان ھەمدە دىلئارا ،
ئەزىز يەكەندىن نۇر ئامىنەم ئەھەد ،
ئۆرە ياقىلىق مەمەتچان ئەمەت......
ئەستىن چىقماس ئەيسا تۆمۈرنىڭ
مۇڭلۇق گىتار چالغىنى پەقەت......
سالام ،
ئەزىز قەشقەردىن ئادىلجان دوستۇم ،
مىجىت چوڭچى ، بۇئايشەملەرگە......
سالام ساڭا مېھرى ئىسسىق باغ !......

ئۇ چاغلاردا چىچەك پەسلىمىز......
سالام سىفەن شۆيۈەن ،
سالام .
سۇبھى تېڭىڭغا ۋە كېچەڭگە !
سالام......
شوخ ، كەپسىز ئوقۇغۇچىلىرىڭدىن......
بىز كۆكلەيمىز ، ئىشەن ئەي دۇنيا ،
تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىن......



# كۆلپەتلىرىم باساي سېنى باغرىمغا

كۆلپەتلىرىم باساي سېنى باغرىمغا......
كۆلپەتلىرىم سەن ئۆگەتتىڭ سۆيۈشنى .
بىر ئىككىمىز يېپىشكۈدەك قارىشىپ ،
بىز ئۆگەندۇق نېمە ئۈچۈن ئۆلۈشنى......

ۋادەرىخا ، چۈش بولدىغۇ ھەممىسى ،
ۋادەرىخا ، كۆلپەت ئىكەن مۇھەببەت .
مەن تۇغۇلدۇم ئون مىڭ قېتىم سۆيگۈ دەپ ،
بىر گۈل بولۇپ ئېچىلمىدى ئون مىڭ دەرد......

تىك تۇر بېشىم ، ئاقما يېشىم بولدى بەس ،
سۆيۈش بەلكىم ۋاز كېچىشتۇر نىھايەت .
مەن مۇشتۇمنى تۈگدۈم قەھر - غەزەپتە ،
سالام كۆلپەت ، سالام مەن شۇ سالامەت......

# ئۇ بىر بالا

ئۇ بىر بالا غەمسىز ئىدى سۆيمەستە ،
ئۇ بىر بالا قوزا بىلەن ئويناشقان .
ئۆرۈكلىرى ، تېرەكلىرى ، جىگدىسى ،
ئۇۋىسى ئىدى يېشىل جاڭگال ، كۆك ئاسمان……

ئۇ ئەمدىچۇ سۆزلەر غەملەر تىلىدا ،
ئۇ ئەمدىچۇ باخ ئېتەلمەس ئوتلاقنى……
ئېگىز - ئېگىز بىنالاردا ياشاشچۇن ،
ئاستا - ئاستا ئونتار چىلان تۇپراقنى……

# سۆيگۈ ئۇچۇن مەن ئۇنتۇيمەن
# ھەممىنى

سۆيگۈ ئۇچۇن مەن ئۇنتۇيمەن ھەممىنى ،
سۆيگۈ ئۇچۇن سۆيگۈدىن ۋاز كېچىمەن .
قارا ئاۋۇ يالغۇز ئۇچقان ئاق چايكا ،
كۆپكۆك دېڭىز ئاسمىنىدا زەپ بەلەن .

ئەنە شەپەق تامان ئۇزار پادىلار ،
يۇمران ئوت - چۆپ ، سۇزۇك سۇلار…… ئويدا .
مەن ئۇنتۇلدۇم سۆيەر دېدىم نىھايەت ،
مەن چۆمۈلۈپ ئوتلۇق شەپەق نۇرىغا……

ياق ، ياق ، بۇنداق بولماس ھەممە ئاقىۋەت ،
ياق ، ياق ، ئەستىن چىقماس ئاشۇ چىقىغىر يول .
سۆيگۈ ئۇچۇن مەن ئۇنتۇيمەن ھەممىنى ،
خەير ، ئەنۋەر ، خەير ساراڭلىق ئامان بول……

# خامان

(لىرىك داستان )

قاينار باشاقلار ،
قاينار يەر شارى ،

خامان ،
بىر جەڭسەن ،
شەھەر ئالىدىغان .
مۆڭسەن ،
يىغلاپ سالىدىغان .
بەزىدە كۆلۈپ تۇرۇپ ،
بەزىدە ئارا بىلەن سامان قالىدىغان .

خامان ،
تەرسەن ، قانسەن ،
يەرسەن ، خانسەن ،
ئاھ ، ئۇلۇغ نانسەن ،

دەردمەن جانسەن .
تىمتاس ، سۈرلۈك تەكلىماكاندىن ،
لاي - لاي ئوقۇپ چىقىپ كېلىدۇ ،
قەبرىسىنى چېقىپ كېلىدۇ ،
ئۆخلاپ قالغان خامان قەبلە .
قەبلە ئاقساقىلى چۆچەك ئېيتىدۇ ،
جىمى چۆچەكلەر قۇم ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ ،
دانە - دانە چېچىلىپ كېتىدۇ .

خامان
ئېگىز - ئېگىز بىنالاردىكى
شەھەرلىكلەرگە ،
ئاچ - يالىڭاچلارغا ،
ئېشەك ، كالىلارغا ،
قوي ، توخۇلارغا ،
قۇشقاچ ، قۇرتقا ،
سەن بولمىساڭ قىيامەت ئەنە ،
سەن بولمىساڭ مالامەت ئەنە .
سالام ،
مايلىشاڭغۇ شاپاق دوپپىلىق دادامنىڭ ،
ساقىلىدىكى پەرىشتە دانلار ،
ئاق رومالىلىق غەمكىن ئانامنىڭ
روملىدىكى پەرىشتە دانلار ،
سالام ،
ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىۋېلىپ ،

سۇ توشۇۋاتقان ،
يۇزى قاسماق ،
پۇت - قولى قاسماق ،
بىراق ، كۆڭلى سۇتتەك ئاق ،
پەرىشتە بالىلار .
دادىم ئارىنى مەھكەم تۇتىدۇ ،
ئانام سۇپۇرگىنى مەھكەم تۇتىدۇ .
يېنىككىنە غۇر - غۇر شامالدا ،
ئۇسسۇلچى سامان يىراق ئۇچىدۇ .
ئانام ، چا ساماننى سۇپۇرگەچ ئويلار :
رىزىق بەرسە خۇدايىم كۆپلەپ ،
سۇ ھەققىگە ساتساق ئۇچ تاغار ،
يەر ھەققىگە ساتساق ئۇچ تاغار ،
ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقان بالام ئەنۋەرگە ،
ئوقۇش پۇلى دەپ ساتساق ئون تاغار ،
ئەمما ، قاراپ قويار ئازلا دۆۋىگە .
ياش كېلەر ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزىگە .
توپا ئىچىپ كەتكەن رومىلىنىڭ ،
يۇمشاق ئۇچى بىلەن
سۇرتۇپ قويار يېشىنى چاندۇرماي ،
سۆزلەپ قويار ئاندىن ئۆزىگە .

خامان ،
غەمسەن تۇگىمەس ،
نەمسەن تۇگىمەس ،

كەمسەن تۈگىمەس……
قاينار باشاقلار ،
قۈيۈلار ياشلار .
جاپالارنى چىشلىمىسە تېخى ،
ئۈمىد ، خاپىلىق ۋە دانلارنى
تاڭ شامىلىدا چەشلىمىسە تېخى .

ئاسماندىكى سانسىز يۈلتۈزلار ،
ئايلانماقچى بولۇپ دانلارغا ،
ئېقىپ كېلەر ماڭلاي تەرلەردىن .
خاماندىكى
لاي - لاي ناخشىسى ،
ئېزىلىپ چىقار چىپچىپ تەرلەردىن .
ئېزىلىپ چىقار داندەك يۈرەكتىن……

خامان — ھەرىكەت ،
خامان — بەرىكەت ،
خامان — ھالال تەر ،
خامان — ھالال يەر ،
خامان — ھەق تاھەق .
سامىنى سامانلىققا ،
دېنى دانلىققا ،
بېجى خانلىققا ،
ئۆشرىسى بالىلىققا ،
يېتىمغا - تۈلغا ،

پېقىر - مىسكىنگە .
ئۇچار قاناتقا
مادارسەن .
كەم ماغدۇرغا .
......
دېھقان تۆكەر ھەممە ئەنجىنى .
تونۇر تەپتى قىزىق خامانغا .
دېھقان تۆگەر ھەممە ئەنجىنى .
تونۇر تەپتى قىزىق ئالۋاڭغا .
دېھقان تۆكەر ھەممە ئەنجىنى ،
نىيىتى يامان ، ئاچ كۆز ھارامغا ،
دېھقان تۆكەر ئەنجە بىلەن تەڭ ،
ساماندەك سارغىيىپ ، داندەك چېچىلىپ
خۇشاللىقىنى ، تۇگىمەس غەملىرىنى ،
جانغا ، زامانغا......
ئاسماندا خامان ،
خاماندا ئاسمان ،
ھاۋادا خامان ،
لاۋادا خامان .
......

سالام خامانچى دېھقانلار ،
سەممىمي كۆزۈڭگە ،
قاپىرىپ كەتكەن قولۇڭغا ،
سالام ساڭا ،

يىرتىق كۆينەكلىك ، يىرتىق ئىشتانلىق ،
ئۆسۈك ساقاللىق ،
يولۋاس بەدەنلىك ،
سالام غۇلجا ،
قەشقەر ، خوتەنلىك......
نۇردەك دانلار ئىچىدە ،
پىژىلدىغان تەكلىماكانلىق !

يىراقتىن قاراپ ،
تەردەك چىپىلداپ ،
ئاي خامانغا ،
جىمىدە تاراپ......
خامانچى ئىت ،
ئۇزۇپ - ئۇزۇپ قويىدۇ قاۋاپ .
ئاي نېمە دەيدۇ ؟
خامان نېمە دەيدۇ ؟
ئەر نېمە دەيدۇ ؟
يەر نېمە دەيدۇ ؟
ئېگىز تېرەكتە
كاككۇك ئۇنلەيدۇ......
بىر توپ خامان قوۋمى ،
قوم تېگىدىن چىقار ئۈمىلەپ ،
ئاھ ، پەلەك چەرخى ،
دەھشەت چۆرگىلەپ ،
باش قايىدۇ ،

دەرد چاقىدۇ ،
خاماندا دەريا ،
كۆككە ئاقىدۇ .
خاماندەك ناننى ،
بىر غېرىپ ئانا ،
تونۇرغا ياقىدۇ .
كىتىر - كىتىر قىلىپ ئاچ چاشقان ،
بۇغداي توشۇپ كاتتىن هارمايدۇ .
بىزنىڭ ئۆيدە ،
ۋاي ، ئۇ ھەققى ، بۇ ھەققىنى دەپ ،
چېچىلمىغان كادىر قالمايدۇ .
بىر پەيلاسوپ
ئەزۋەيلەيدۇ ھەق ھەققىدە ،
بىر موللام
سۆز ئاچىدۇ شەرىئەتتىن .
جان ،
كۆكلىيەلمەي ،
سارغىيىدۇ ئىشىك ئالدىدا .
دادام تاشلار ئۆزىنى سامانغا ،
قالمىغاچ دەرمان .
هارارەتتىن ، ئوتتىن ،
خامان ئايلىنىدۇ ئەرگە ،
ئەر ئايلىنىدۇ تەرگە......
سىڭىپ كېتەر ئۇ يەنە يەرگە .
ئۇنۇپ چىقار باهار مايسىسىدەك ،

خامان قەبىلە ،
ئاھ خاماندا ، ئوتلۇق ۋەتەندە .



本集子选录了作者多年以来所写的一部分诗歌。


مەسئۇل مۇھەررىرى : چىمەنگۇل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى :بەختىيار ئابلىمىت


# ئۆچمە سۆيگۈم

( شېئىرلار )


ئاپتورى : ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر


---


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغوز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787مم 1/32 باسما تاۋىقى : 6.75
2011 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 3000 — 1

---

ISBN 978—7—5373—2271—3
باھاسى : 15.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس

ISBN 978-7-5373-2271-3
9 787537 322713 >

باھاسى: 15.00 يۈەن